بالىلارغا سوۋغا-2



8

ئادىل ئىمىن

# بەخت ئارىلىنى ئىزدەش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



بالىلارغا سوۋغا — 2

8

ئادىل ئىمىن

# بەخت ئارىلىنى ئىزدەش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

寻找幸福之道：维吾尔文/阿地力·依明著．—
喀什：喀什维吾尔文出版社；乌鲁木齐：新疆电子音
像出版社，2010.4
（给孩子们的礼物．中）
ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ.①寻… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①童话—作品集—中国—
当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069884号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 给孩子们的礼物－中(8) |
| 书　　名 | 寻找幸福之道 |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 阿地力·依明 |
| 责任编辑 | 买哈巴·铁外库 |
| 特约编辑 | 艾合买提·买买提 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出　　版 | 喀什维吾尔文出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 5.5 |
| 版　　次 | 2010年4月第1版 |
| 印　　次 | 2010年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-5373-2011-5 |
| 总 定 价 | 84.00元 |
| 本册定价 | 12.00元 |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە


بەخت ئارىلىنى ئىزدەش ........................ 1

1. كىچىككىنە مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ........... 68

2. مۇز قونچاقنىڭ كەچۈرمىشلىرى .................. 76

3. مۇشۇكياپىلاقنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ................ 87

4. ئاق توشقاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى ................. 97

5. رېزىنكە بالىنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ............... 105

# بەخت ئارىلىنى ئىزدەش

## (چۆچەك)

مىدىرلىسىلا ئۈستىبېشىدىكى گۆھەر ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەتلىرى جىرىڭشىپ كېتىدىغان خانىش شەھرىناز، ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسىغا ئايال خوجايىن بولغىنىغا توققۇز يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە يا ئوماققىنە بىر شاھزادە ياكى نازاكەت بوستانىنىڭ غۇنچىسىدەك بىرەر مەلىكىگە ئانا بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. ئۇ شۇ سەۋەبلىك شاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىپ، تالاق قىلىنىشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. چۈنكى ئۈچ كۈن بۇرۇن شاھ ئۇنىڭغا: «يەنە بىر يىلغىچە ماڭا بىرەر پەرزەنتكە ئانا بولۇش بەختى نېسىپ بولمىسا سېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئورنۇڭغا باشقا بىرسىنى خانىش قىلىمەن» دېگەنىدى.

شاھنىڭ شۇ سۆزنى قىلغاندىكى ئەلپازىدىن ئۇ خېلىلا چۆچۈدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى غەم ـ قايغۇلا بولدى. خارلىق تۇيرىقىغا تاشلىنىپ

قالىدىغانلىقىنى، شۇ شەھەردىكى ھەممە ئايال زاتى ئىنتىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە، ئەڭ ئېسىل زىبۇ ـ زىننەتلەر ۋە ئايدا بىر يەڭگۈشلىنىپ بېرىلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەردىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشىراقمۇ، دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر بەختسىزلىكتۇ؟

— قانداق قىلاي، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ۋە سىردىشى خىزمەتكار كەمپىرگە، — قىلمىغان ئامالىم قالمىدى، لېكىن كار قىلمىدى، ئەمدى سەن بىر يول كۆرسەتسەڭ بولاتتىغۇ. ئەگەر بۇ غەمدىن خالاس قىلساڭ سېنى ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىچىگە كۆمۈپلاۋېتەتتىم.

— مەنمۇ شۇ غەمدە سىلە ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىمەن ھۆرمەتلىك خانىشىم، — دېدى كەمپىر خانىشنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە قاراپ قويۇپ، — بىر ئامالغۇ ئويلاپ قويدۇم. لېكىن قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقلىرىنى بىلمەيمەن.

— قېنى ئاۋۋال ئېيتىپ باق، — دېدى خانىش سولغۇن چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئاۋۋال ئاڭلاپ باقمايمۇ.

— شەھىرىمىزدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى غەلىتە تاغنىڭ قاراڭغۇ غارىدا بىر ئايال پېرىخون بارمىش، ئۇ ئۈمىد ـ ئىخلاس بىلەن ئالدىغا بارغانلارنى تىلىكىگە يەتكۈزەرمىش، لېكىن ئۇنىڭ قېشىغا بارماق بەسى مۈشكۈل ئىمىش…

— مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى خانىش كەمپىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— شۇنداق، ھۆرمەتلىك خانىشىم، — دېدى كەمپىر باش لىڭشىتىپ، — ئۇنىڭدىن بىرەر پەرزەنتلىك بولۇشلىرىغا مەدەت تىلىسەك.

— مەن دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر خانىش تۇرسام، — كايىپ كەتتى خانىش ئولتۇرغان كۇرسىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئاشۇ خىلۋەتتە ماكان تۇتقان بىر ئەرزىمەس ياۋايىنىڭ ئالدىغا رىيازەت چېكىپ بارامدىمەن، تېخى ئالدىدا تىزلىنىپ «ماڭا پەرزەنت ئاتا قىلغان بولسىلا» دەپ يېلىنامدىمەن، ئۇنداق بولمىغۇر گەپنى قوي، ئوردا ياساۋۇللىرىدىن 40 نى ئەۋەتىپ، ھايالىسىزلا ئۇنى غارىدىن سۆرەپ چىقىپ ئالدىمغىلا ئېلىپ كەلسۇن، قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى مۇشۇ يەردىلا كۆرەي.

— بولمايدۇ، — دېدى كەمپىر ئالدىراپ، — ئۇنىڭ سېھرى - كارامىتى بەك يامانمىش، خالىسا ئادەمنى تاشقا، سۇنى شارابقا ئايلاندۇرۇۋېتەرمىش. خالىسا بوران چىقىرىپ، قار ياكى يامغۇر ياغدۇرۇۋېتەرمىش، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوقمىش، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمىسەك بولارمىكىن.

— كاپىشىما، — چالۋاقىدى خانىش يەنە، — شۇنداق كاتتا ئىززەت - ئابرۇيلۇق خانىش تۇرۇپ، ئاشۇ پەسەندى پېرىخوننىڭ ئالدىغا يالۋۇرۇپ بارامدىمەن، ياق! ئاۋۋال ياساۋۇللار بېرىپ باقسۇن، ئۇنىڭ زادى كارامىتى بار - يوقلۇقىنى بىر كۆرەي.

ئۇ دەرھال بۇ ئىشتىن توسقان كەمپىرنى سىلكىۋېتىپ دىۋە تەلەتلىك، جاللات سۈپەتلىك 40 ياساۋۇلنى ھېچيەردە توختىماي ئالدىغا پېرىخوننى ھازىر قىلىشقا ئاتلاندۇردى، ئۆزى ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپلا قالدى.

كۈتتى، كۈتتى، ئارىدىن توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۆتتى، ئاخىرى خاس قەسىرىگە 40 قاغا ئۇچۇپ كىردى، مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان شاھانە قەسىر سەيناسىغا رەتلىك تىزىلىپ قوندى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ تۇمشۇقىدا بىر رەزگى قەغەز بار ئىدى. ھەممىسى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈشۈپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشتى.

ئۇلارنى كۆرگەن خانىش قاتتىق چۆچۈپ كەتتى - دە، كېنىزەكلىرىگە دەرھال قاغىلارنى قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. قاغىلار ئېلىپ كەلگەن قەغەزنى تاشلىۋېتىپ، قايغۇلۇق قاقىلداشقىنىچە قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى.

كەمپىر يەردىن قەغەزنى ئېلىپ، قوش قوللاپ خانىشقا سۇندى، قەغەزدە قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ، «كەل سەنمۇ كارامىتىمنى كۆر، كەلمىسەڭمۇ بەربىر كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن» دەپ يېزىلغانىدى.

خانىش قەغەز ئەمەس بەلكى بىر تال چوغنى تۇتۇپ سالغاندەك بولۇپ، دەرھال قەغەزنى تاشلىۋەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى ئۇ كەمپىردىن تىترەپ

تۇرۇپ.

— بارايلى، چىرايلىقچە بارساق ئۇ بىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، بارمىساقمۇ ئۇ خالىسا غارىدا تۇرۇپلا بىزنىمۇ قاغىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

خانىش شۇنداق قىلماي ئىلاجى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ، كەمپىرگە دەرھال يول جابدۇقى قىلىشنى بۇيرۇدى، كەمپىر ھايالسىزلا بۇيرۇقنى كەم - كوتىسىز ئورۇندىدى.

خانىش كېنىزەكلىرىگە بولغان ئىشلارنى سىر تۇتۇشنى جېكىلەپ، كەمپىر بىلەن تۆت ئاتلىق مەپىگە ئولتۇردى، قېرى مەپىكەش ئاتلارغا قامچا ئۇرۇپ، داغدۇغىسىزلا ئوردىدىن ئايرىلدى، سەپەرگە ئاتلاندى. پادىشاھ 40 كۈنلۈك شىكارغا كەتكىنى ئۈچۈن بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدى.

خانىش بىلەن كەمپىر مەپىدە ئولتۇرۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈردى، سەپەردىكى خەتەر - مۈشكۈلىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەنزىلگە يەتكۈچە جېنى تۈمشۇقىغا كەلدى.

خانىش ئىچىدە ئۆزىنى بۇ يولغا باشلىغان كەمپىرنىمۇ، ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇرلىغان پېرىخوننىمۇ نەچچە يۈز قېتىملاپ تىللىدى، قارغىدى.

ئۇ مەپىدىن چىققىنىدا ئالدىدا كۈل رەڭ بۇلۇت - تۇمانلارغا ئورالغان بىر غەلىتە تاغنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىنى كۆردى، تاغنىڭ دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلىرىمۇ ۋە تاش - داشقاللىرىمۇ ئاجايىپ بىرخىل ئىدى، قارىغان كىشىنى

ئىختىيارسىز سۇر باساتتى.

خانىش بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەندەكلا زورىغا كەمپىرگە ئەگىشىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، راھەت ـ پاراغەتكىلا كۆنگەن خانىشقا بۇ يۈرۈش بەكمۇ قىيىنغا توختىدى، بىراق چىدىماي ئىلاج يوق ئىدى. چىشىنى چىشلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئاغزى ئۆمۈچۈك چوڭ تورلىرىدا پەردىلىنىپ، تېنى توپتەك يوغان، پۇتلىرى ھاسىدەك ئۇزۇن قارا ئۆمۈچۈكلەر كۆزەتتە تۇرغان غار ئالدىغا يەتتى، بەتبەشرە ئۆمۈچۈكلەرنى كۆرگەن خانىشنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ، دىرىڭگىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

كەمپىر ھاپاشلاپ يۈرۈپ ئۇنى يۆلىدى، شۇ ھامان غاردىن بىر قارا قۇيۇن چىقىپ، ئۇلارنى يۆگەپ ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى.

خانىش ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۆزىنى يېشىل نۇرغا چۆمگەن غار ئىچىدە كۆردى، ئۇدۇلىدا چاچلىرى چىگىش ـ چىگىش ۋە يۈزلىرى كىر ـ قاسماق، ئورىدەك كۆز چاناقلىرىدا ياپيېشىل قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان، ئىلمەك بۇرۇن، كالاچ ئېغىز، قورايدەك ئورۇق تېنىگە بېلىقچىنىڭ يىرتىق تورىدەك بىر نېمىنى ئارتىۋالغان بىر ئايال قورقۇنچلۇق بىر كەسلەنچۈكنى سىلاپ ـ سىلاپ، ئادەم ئۇستىخانلىرىدىن ھاسىل بولغان تەخت ئۇستىدە ئولتۇراتتى.

خانىش ئۇنى كۆرۈپلا پۇتلىرىدا جان قالماي، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، لېكىن چۆرىسىدىلا ئۇيان ـ بۇيان يۇگۇرۇشۇپ

يۇرگەن توشقانـدەك ـ توشقانـدەك چاشقانـلارنى كۆرۈپ، يەنە چاچراپ ئورنىـدىن تۇردى، غار تېمىنـى پەردىلەپ ئارام ئېلىپ ياتقان مۈشتۇمدەك ـ مۈشتۇمـدەك چار ئۈمۈچـۈكلەر ۋە شامـدان ئورنىدا تىكلەپ قويۇلۇپ بېشىدىكى چاچلىرى پىلىك ئورنىـدا كۆيۈپ تۇرغان ئىسكىلىـتلار بولسا ئۇنىڭ تېخىمـۇ ئەرۋاھىنـى ئۇچۇردى، يۈرىكى ھېلىلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالدى، قاتتىق چىرقىرىۋەتكۈسى كەلدىيۇ، لېكىن قورقۇنچىـدا بەكـرەك تىنىـشقىمـۇ جۈرئەت قىلالمىدى. غـال ـ غال تىتـرەپ تۇرۇپلا قالدى.

— سەن مېنى ئورداڭغا ئاپىرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟

خانىشنىـڭ قۇلاق تۈۋىـدە پىرىخـوننىڭ چىـرقىراق ئـاۋازى ياڭرىدى، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى.

— ئۆزلىرىدىن، — دېدى خانىش پوككىدە تىزلىنىـپ تىلى كالـۋالاشـقان ھالـدا، — مـاڭا پەرزەنـتلىـك بـولـۇش يولـىنـى كۆرسىتىپ قويۇشلىرىنى ئىلتىماس قىلمـاقچى ئىدىم، ئاندىن خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ھۆرمەت ـ ئىخلاسىمنى بىلدۈرمەكچى ئىدىم.

— نىيىتىـڭ دۇرۇسـتەك قىلىـدۇ، — دېدى پىرىخـون مۈلايىملىشىپ، — بىراق، مەن ھېچقاچان بۇ غـار ۋە بۇ تاغدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغان ئەمەس، بىرەر شاھ ياكى خانىشنىڭ پەرمانىغا ھەم بويسۇنغان ئەمەس، بەلكى تەلەپ ـ ئىلتىماسى بارلار شاھىنشاھ، خاقان بولسىمۇ ئالدىمغا تۆۋەنچىلىك بىلەن

بوي ئېگىپ كېلىپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تىلىكىنى بايان قىلغان. سەن بەك ھاكاۋۇر ئىكەنسەن.

ــ ياق، ياق، ــ دېدى خانىش ئالدىراپ ـ تېنەپ، ــ مەن ئۆزلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئىخلاس قىلىمەن، ھەم ئۆزۈمنى بىر ئەرزىمەس قۇللىرى ھېسابلايمەن. ئىلتىپاتلىرىغا تەشنا بولۇپ يۈرگەنمەن. شۇ ھالدا قانداقمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلاي.

ــ ياخشى، ــ دېدى پېرىخون، ــ ئاخىرى ماڭا بوي ئەگكىنىڭ ئۈچۈن سېنى ئىسكىلىت شامدانلىرىم قاتارىغا قوشۇپ قويۇش نىيىتىمدىن ياندىم، سەن جاپادىن، رىيازەت چېكىشتىن بەك قاچىدىكەنسەن، بۇ ھالدا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق تولغاق ئازابى يەپ پەرزەنتلىك بولۇش ساڭا بەك ئېغىر كەلگۈدەك، شۇڭا ساڭا ئەڭ ئاسان بىر يول كۆرسىتەي، مانا بۇ ئۇرۇقچىنى ئال، ــ شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ بىر تال نوقۇتچىلىك مەرۋايىتنى تاشلاپ بەردى، ــ ئۇنى تېرىساڭ بىر گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنى ھەر كۈنى ئۈچ تامچىدىن ئىسسىق قېنىڭ بىلەن سۇغىرىسەن، توققۇز كۈندىن كېيىن گۈل ئېچىلىپ، ئىچىدىن پەرزەنتىڭ چىقىپ كېلىدۇ، شاھمۇ چىن يۈرىكىدىن ئۇنى ئۆز «پەرزەنتىم» دەپ قوبۇل قىلىدۇ، غەمدىن خالاس بولىسەن.

خانىش بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىش كويىدا بىر ئېغىزمۇ ئۇشۇق ـ تۆشۈك گەپ سورىماي، مەرۋايىت ئۇرۇقچىسىنى ئېلىپ پەرىجىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سالدى، شۇ

هامان بىر قويۇن چىقىپ ئۇنى ۋە كەمپىرنى غار ئالدىغا ئەپچىقىپ تاشلىدى.

خانىش دەرھال يۈگۈرۈپ ـ دومىلاپ يۈرۈپ تاغ ئېتىكىگە چۈشتى ـ دە، ئاتلارنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئوتلىتىپ يۈرگەن مەپىكەشنى يولغا ئالدىراتتى:

ــ تېز بول، چاپسان مېنى بۇ قاغىش تەگكۈر جايدىن ئېلىپ كەت.

مەپىكەش خانىشنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ئۇنى مەپىگە چىقىرىپلا ئاتلارغا قامچا ئۇردى. تۆت ئۇچقۇر ئات مەپىنى سۆرەپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى، خانىشقا بۇ يولنى كۆرسەتكەن ساداقەتمەن كەمپىر بولسا تېخى تاغ باغرىغا چۈشۈپ بولالمىغاچقا شۇ يەردە تاشلىنىپ قېلىۋەردى، ئۇنى ئالغاچ كېتىش خانىشنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئوردىغىمۇ يەتتى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى تىنچلاندى.

بىر چاغلار مەرۋايىت ئورۇقچە ئېسىگە كەلدى، ئۇنى قولىغا ئېلىپ تاشلىۋەتمەكچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن يەنە كۆرۈپ بېقىش خىيالىدا ئۇنى قوم ئارىلاش ئەت تويپا قاچىلانغان قاشتېشى تەشتەككە تېرىدى.

بىراق شۇ چاغ پېرىخوننىڭ «كۈندە ئۈچ تامچە ئىسسىق قېنىڭ بىلەن سۇغىرىسەن» دەپ تاپىلىغىنى ئېسىگە كەلگىنىدە چىرايى تۇتۇلدى، قايسىبىر چاغكىن گۈل ئۆزگىچە قولىغا تىككەن

سانجىلىپ كېتىپ، ئاغرىق ئازابىدا قاقشاپ كەتكەنلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، تەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ توختىدى.

ــ پەرزەنتلىك بولۇش نېمىدېگەن قىيىن، ھە؟ ــ شىۋىرلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە خورسىنىپ، ــ بىرمۇنچە رىيازەت چېكىپ، پېرىخوننىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنغىنىم يەتمىگەندەك يەنە ئازاب تارتىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھەي ئىسىت، خانىشلىق تاجىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ بەدەلنى تۆلىمەي ئىلاجىم يوقتە.

ئۇ كېنىزەكلىرىگە يېڭىنە ئەكەلدۈردى، ئاندىن كۆزىنى يۇمدى، ئۆزىگە رىغبەت بېرىپ، پاختىدەك ئاق ۋە يۇمشاق قولىغا سانجىدى، ۋايساپ تۇرۇپ تەشتەككە بىر تامچىلا قان تامغۇزدى، ـ دە، «مۇشۇمۇ يېتەرلىك» دېگىنىچە ئورىدا تېۋىپىغا ئادەم ماڭغۇزدى، تېۋىپ كىرىپ، ئاپپاق داكا بىلەن قولىنى تېڭىپ، ئاغرىق توختىتىش دورىسى بەردى.

ــ ئۆلگۈر پېرىخون، ــ دېدى خانىش چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ــ ۋاي قولۇمەي، ماڭا باشقا بىر ئاسانراق يول كۆرسەتسە بولماسمىدىكىن.

خانىش شۇنداق قىلىپ شۇ بىرلا تامچە قان تېمىتتى، بىراق ئىككىنچىلەپ قان تېمىتىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، تەشتەك يېنىغىمۇ يولىمىدى.

مەرۋايىت ئۇرۇقچا بولسا قان تامغۇزۇلغان كۈننىڭ ئەتىسىلا بىخ سۈردى. توپىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىخچە گويا

يېشىل ياقۇتتەك قوياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى، كېيىنكى كۈنى بىخ ئۆسۈپ ـ ئۆسۈپ بىر غېرىچ مايسا بولدى، ئۈچىنچى كۈنى بولسا بويى ئۈچ غېرىچچە بولدى ـ دە، ئارىسىدىن بىر تال غول شاخچە ئۆسۈپ چىقتى. شاخچە ئۇچىدا پۇرچاقتەك بىر تال غۇنچە بار ئىدى. گويا قىپقىزىل مارجاننىڭ ئۆزىلا ئىدى، كېيىنكى كۈنى بۇ غۇنچە يوغىناپ ئالمىدەك بولدى، قىزىل چىراغدەك نۇرلىنىپ تۇرار ئىدى، بۇ غۇنچە ئاشۇنداق ھەر كۈنى چوڭىيىپ باردى، توققۇزىنچى كۈنى بولسا توپتەك بولدى ـ دە، ئاندىن گۈل بەرگىلىرى پورەكلەپ ئېچىلدى، گۈلچىنىسى ئىچىدە بولسا كىچىككىنە بىر قىزچاق تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ئۇ يەڭگىلگىنە سەكرەپ يەرگە چۈشتى، بويى بىر غېرىچلا كېلەتتى. بىراق چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان قىزىل ياقۇت كۆزلۈك كىچىككىنە زەر تاج بىلەن باسۇرۇلغان قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرى تاپىنىغىچە يېيىلىپ چۈشكەن، قاپقارا ئەگىم قاشلىرى تۇتاشقان جايدا بىر تال كىچىككىنە يۇلتۇز ۋە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدا قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئالمىدەك مەڭزىلىرى سۈس قىزىللىق ئىلكىدە يالتىرىسا، قىپقىزىل گىلاستەك لەۋلىرىدە خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. سۈتتەك ئاق ئەتلىك كىچىككىنە بويىغا كەڭ كۆپتۈرمە ئېتەكلىك، قىزىل ئەتىرگۈللەر كەشتىلەنگەن ئاپپاق ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە كىچىككىنە پۇتلىرىدا قىپقىزىل كەشلەر بار ئىدى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئوماقلىقى ۋە ئۇزلۇقىغا

ھەۋەسى كېلەتتى، كىچىككىنە بوي - بەستىنى دېمىسە ئۇ جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئوماق سۆيۈملۈك مەلىكە بولۇشتەك شەرەپكە مۇناسىپ ئىدى.

كېنىزەكلەر ئۇنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھەيران قېلىشتى، ئاندىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چۇۋۇرلاشقىنىچە بۇ كىچىككىنە مەلىكىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خانىشقا مەلۇم قىلىشتى. كىچىككىنە مەلىكە ئۆزىمۇ ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن خانىشنىڭ ئالدىغىمۇ كىرىپ كەلدى.

ئەسلىدە بىر بوۋاق بولۇشى مۇمكىن دەپ، ئويلىغان خانىش ئۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدى، ھەم پەرىشان بولدى.

ئۇنى قانداقمۇ شاھقا مەلىكىڭىز دەپ تونۇشتۇرغىلى بولسۇن، — ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق ئوي - پىكىر كېچىشكە باشلىدى، — تۇرقى - سىياقىغۇ بەك ئوماق ھەم چىرايلىق، لېكىن بويى بىر غېرىچلا، جېنى بار قونچاقىلا ئوخشايدىكەن، شاھ ئۇنى كۆرسە چوقۇم غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنى سۈرۈشتە قىلىشى چوقۇم، ئۇ پېرىخون، جادۇگەر دېگەنلەرگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولىدىغان، بۇ كىچىككىنە مەلىكىنى پېرىخون سوۋغات قىلغانلىقىنى بىلسە چوقۇم مېنى...

ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، كىچىككىنە مەلىكە بولسا شۇ تاپتا نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانىدى.

— بۇ ياققا كەل، — دېدى خانىش ئاخىرى ئېسىنى يىغىپ، — سېنى قارشى ئالىمەن.

كىچىككىنە مەلىكە شادلىققا چۆمۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى، خانىش ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، پېشانىسىگە سوغۇققىنە سۆيۈپ قويدى.

— سەن بەك يەڭگىل ئىكەنسەن، — دېدى خانىش، — ئېغىرلىقىڭ ئاران بىر تال ئالمىچىلىكلا، نېمىشقا شۇنداق ھەم يەڭگىل ھەم كىچىككىنە بولۇپ قالغانسەن - ھە؟

— مەن شۇنداق ھەم يەڭگىل ھەم بەك كىچىك، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە تۇنجى قېتىم سۆز قىلىپ، — بىراق مەن نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن.

— بۇ سۆزلىيەلەيدىغان قونچاق قىزنى چاھار باغقا يانداش بىكار ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇڭلار، — دېدى خانىش كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، — ئۇ مەن چاقىرتقىچە شۇ يەردە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي تۇرۇپ تۇرسۇن.

— مەن بۇ ئىشنى شاھقا چۈشەندۈرۈپ بولغىچە ئېغىزىڭلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن، — دەپ جېكىلىدى ئۇ يەنە كېنىزەكلىرىگە، — بولمىسا بار - يوقى ئاران بىر تالدىن كاللاڭلار بولسىمۇ ئاياپ ئولتۇرماي كېسىۋالىمەن.

كېنىزەكلەر دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈشۈپ، كىچىككىنە مەلىكىنى مەخپىي ھۇجرىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ، بىر تەخسە يۇمشاق پىشۇرۇلغان پىرەنىك بىلەن بىر

چەينەك سۇ قويۇپ بىر پىيالا چىقىپ كېتىشتى، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاشتى. خانىشنىڭ باغرى تاش، رەھىمسىزلىكىنى ئوبدانلا بىلىدىغان بولغاچقا جاۋىلداق ئېغىزلىرىنىمۇ قۇلۇپلاپ يۇرۇشتى، كىچىككىنە مەلىكىنىڭ مۇشۇ ئوردىدا دۇنياغا كەلگىنى ۋە مەخپىي ھۇجرىدا ھازىرمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدىغاندەكلا يۇرۇشتى.

كىچىككىنە مەلىكە قاملىپ ياتقىنىغا توققۇز كۈن بولدى، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىشى قاچانلاردىدۇر بۇ ھۇجرىدا ئۇۋۇلاپ قالغان كىچىككىنە چۈمۈلىلەرگە پىرەنىكنى ئۇۋاپ بېرىش ئىدى.

ئۇ دۇم يېتىۋېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىدىن چىققىنى، پىرەنىك ئۇۋاقلىرى چېچىلغان جايغا ئىمىسقىلاپ بېرىشلىرى، ئاندىن ئۇنى چىشلەپ ئۇۋىسىغا توشۇشلىرىنى تاماشا قىلاتتى، بىراق بۇ ئىشمۇ ئاخىرى ئۇنى زېرىكتۈردى، ئۇنىڭ ئەمدى سىرتقى دۇنيانى كۆرگۈسى كېلەتتى. بولسا بىرەر ھەمراھ تېپىۋېلىشنى ئويلايتتى. بۇ كۈنلەردە خانىشمۇ، كېنىزەكلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا بىرەر قېتىممۇ يولاپ باقمىدى.

توققۇزىنچى كۈنى ئاخىرى ئۇنى يوقلاپ بىر مېھمان، توغرىسى شۇنداق بىر قىزنىق كۆزنەكتىن كىرىپ قالغان بىر ئاق كېپىنەك پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇنى كۆرۈپلا قىزىقىشى ۋە خۇشاللىقىنى بېسىۋالالمىغان

كىچىككىنە مەلىكە توۋلىدى:

— هەي، توختاپ تۇرغىنە، ماڭا ئىسمىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، بولسا بىر دەم ھەمراھ بولغىن، مەن يالغۇزلۇقتىن بەكمۇ زېرىكتىم.

ئاق كېپىنەك بىر ئىزدا قانات قېقىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— سەن كىم؟ مەن دېگەن لىپ ـ لىپ ئۇچار ئاق كېپىنەك، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇچراتقان، لېكىن ساڭا ئوخشاش ھەم ئوماق، ھەم چىرايلىق كىچىككىنە ئادەمچاقنى كۆرمىگەن ئىدىم. بۇ غەلىتە ئىشقۇ، سەن سۆزلىيەلەيدىغان قونچاقمۇ ـ يە.

— مەن قونچاق ئەمەس، كىچىككىنە مەلىكە، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە جاۋاب بېرىپ، — مەن بىر تال غۇنچىدىن ئاپىرىدە بولغان، ئەسلىدە مۇشۇ ئوردىدىكى شاھ بىلەن خانىشنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى بولۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر خانىش ئانام مېنى شاھ ئاتام بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەيلا مۇشۇ ھۇجرىغا سولىتىۋەتتى. مەن بۇ يەردە يالغۇزلۇقتىن بەكمۇ زېرىكتىم، سەن بىر دەم بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولغىن، ماقۇلمۇ؟

— بۇ ھۇجرا بەئەينى زىندانغىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى كېپىنەك، — مەن ئەركىن ياشاپ كۆنۈپ قالغان، سەن قامالغان بۇ شاھانە زىنداندا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغۇم يوق. سەن بۇ يەرنىڭ سىرتى مۇھەببەتكە تولغان بىر گۈزەل دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، ئۇ يەردە بىر توپ سەرۋى دەرىخى بار، ئۇ ئۆزىنىڭ

ئېگىز ۋە تۈپتۈز بويىغا چىرمىشىۋالغان مەشۇقى ھەشقىپىچەك گۈلگە ئېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپلا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇنداق شېرىن، شۇنداق بەھۇزۇر، ئۇلارنىڭ ئامراقلىقىغا قىل سىغمايدۇ، كۆرسەڭ بەكمۇ ھەۋىسىڭ كېلىدۇ. ئۇ يەردە يەنە خانىشلارنىڭ زەر تاجلىرىغا بېكىتىلگەن ئوتتۇغاتلاردەك مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاجىگۈللەرمۇ بار، ئۇلار پات ـ پات ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلىدىغان سەلكىن شامالنىڭ سۆيۈشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىپلا تۇرۇشىدۇ، ئۇلار شامالنىڭ ئۇچمە كۆڭۈللۈكىنى بىلىپ تۇرۇشىمۇ، لېكىن ئۇ قالدۇرۇپ كېتىدىغان شېرىن ئەسلىمىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىگە كۆز يۇمۇشىدۇ، ئۇلار نەقەدەر كەڭ قورساق ـ ھە؟ ئۇ يەردە ياپيېشىل چىملىقلارنى ئارىلاپ، زۇلال چەشمە سۇلىرى ئېقىپلا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ زادىلا توختىماي ئېيتىپ ماڭىدىغان شىر ـ شىر ناخشىسى گەرچە دائىم بىرخىللا رىتىم، بىرخىللا مەزمۇندا، يەنە كېلىپ پەقەتلا چۈشىنىكسىز بىر مەزمۇندا بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە ئۆزگىچە ئاراملىق بەخش ئېتىدۇ، ئۇ يەردە دوستلىرىم سىرىق كېپىنەك، چار كېپىنەكلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن گۈللەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، بۇ بىز كېپىنەكلەرنىڭ مەشۇقلىرىمىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىمىزدىكى دائىملىق ۋاستە، بىلەمسەن، ئۇ يەردە يەنە يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقاشتەك بىر تال قىزىل ئەتىرگۈلمۇ بار، ئۇ بارچە گۈللەرنىڭ شاھبانۇسى

بولۇشقىلا مۇناسىپ، چۈنكى باشقا بارچە گۈللەردىن كۆركەم ھەم خۇش پۇراق، نەسەبىمۇ ئاجايىپ ئېسىل، مەن ئۇنىڭغا تېخى تونۇگۇنلا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىم. بەلكىم ئۇنىڭغا كۆيۈپ، پىشقۇچى ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇچى بىر مەنلا ئەمەستۇرمەن، لېكىن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغۇچى ئىشىنىمەنكى پەقەت بىرلا مەن، سەن مېنىڭ بۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ گۈزەل مەھبۇبىنى ئايلىنىپ قانچىلىك ۋاقىت توختىماي ئۇسسۇل ئوينىغىنىمنى بىلەمسەن، توپتوغرا ئۈچ سائەت. ئاقىۋەت ئۇ باش لىڭشىتىپ مېنىڭ يېڭىلا ياغقان قاردەك پاك، ئەمما گۈلخاندىكى ئاتەش مىسلى ئوتلۇق مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلدى، ئاھ! خۇدا، مەن نېمىدېگەن بەختىيار- ھە؟ ئۇ نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر سۆيۈملۈك ھە؟ مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ساڭا بىر تەجرىبەمنى تونۇشتۇراي. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىراي دەيدىكەنسەن چوقۇم سەندە قايىتماس ئىرادە، سۇنماس جاسارەت بولۇشى كېرەك. خۇددى مەن ھەرقانچە ھېرىپ - چارچىساممۇ يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ، توختىماي ئۈچ سائەت ئۇسسۇل ئويناپ، قىزىل ئەتىرگۈلگە ئۆز مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلدۇرغاندەك.

كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى، لېكىن ئۇ تەسۋىرلىگەن نەرسىلەرنى زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىدى، لېكىن ئاجايىپ يېقىملىق بىر مۇزىكا،

ياكى تەسىرلىك بىر چۆچەك ئاڭلىتىشنى ئاڭلىغاندەكلا ھېس قىلىپ، كۆڭلى شادلىققا چۆمدى، ئىختىيارسىز «شاھانە زىندان» سىرتىدىكى گۈزەل دۇنياغا تەلپۈندى.

— بىراق، — دېدى كېپىنەك ئەمدى كۆزنەك رامى ئۈستىگە ئۇچۇپ چىقىپ، سىرتقا نەزەر سالغاندىن كېيىن، — مەھبۇبەمنىڭ ياپيېشىل ياپراقلىرىدا مەرۋايىت تامچىلار لىغىرلاپلا تۇرىدۇ، بەلكىم ئۇ مېنىڭ قېشىغا ۋاقتىدا بارمىغىنىمدىن قايغۇرۇپ تۆكۈلگەن كۆز يېشىدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر سادىق، ۋاپادار ئىكەنلىكىمنى ھېلىلا قېشىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ نەپىس ئۇسسۇللار بىلەن كۆڭلىنى شادلىققا چۆمدۈرىدىغانلىقىمنى تېخى بىلىپ يېتەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ قېشىغا تېزرەك بارغىن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بۇ يەردە مېنى دەپ ھايال بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەت ياشلىرى تۆكۈلۈۋەرمىسۇن.

— خوش ئەمىسە، — دېدى كېپىنەك، — ساڭا كۆپرەك ھەمراھ بولالمىغىنىمدىن رەنجىمە، يەنە سېنى يوقلاپ كېلىشىم مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لىپ - لىپ ئۇچۇپ كېتىپ قالدى. كىچىككىنە مەلىكە بولسا ئۇنىڭ مەشۇقى قىزىل ئەتىرگۈلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، ئاق كېپىنەك يېنىغا بارغىنىدا نەقەدەر خۇرسەن بولۇپ، ياپراقلىرىغا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سىلكىپ

چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئوي - پىكىر دەرياسىغا غەرق بولدى.

ئۇنىڭ بىر كۈنى شۇنداق ئوي - پىكىر دەرياسىغا بىر شۇڭغۇغانچە بىلىنمەيلا تامام بولدى، تۈن كىردى، مەشرىق ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي قاراڭغۇ ھۇجرىغا كۈمۈش رەڭلىك نۇر يىپچىلىرىنى ئۇزاتتى، ئۇ گويا: «بۇنىڭغا ئېسىلىپ بۇ زىنداندىن چىقىۋال» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

«مەن راستىنلا بۇ يىپچىلارغا ئېسىلىپ ھۇجرىدىن چىقىۋالالىسامچۇ، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — قىپقىزىل ئەتىرگۈل ۋە ئۇنىڭ ئاشىقى ئاق كېپىنەكلەرنىڭ شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، يەنە بولسا بىرنەچچە ھەمراھ تېپىۋالغان بولسام، تازا كۆڭۈللۈك بىر ئوينىۋالسام...»

شۇ چاغ تولۇن ئاي ئۇنىڭغا رىغبەت بېرىپ «شۇنداق قىل» دېگەندەك تېخىمۇ نۇرلاندى، «شۇنداق قىل» دېگەندەك يۇلتۇزلارمۇ كۆز قىسىشقا باشلىدى، «شۇنداق قىل» دېگەندەك قىلىپ كۆزنەك سىرتىدا سەلكىن شامال شۇۋىرلىدى.

كىچىككىنە مەلىكە ئاخىرى ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئاي ئۇزۇۋاتقان كۈمۈش رەڭلىك نۇر يىپچىلىرىغا قول ئۇزاتتى.

ئاجايىپ ئىش، ئۇ راستىنلا يىپەكتەك يۇمشاق بىر لىنتىنى تۇتۇۋالغاندەك بولدى - دە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، يامىشىپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلىدى، كۆزنەككىمۇ چىقىپ قالدى، غۇي

قىلىپلا چىققان سەلكىن شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ، يۇمران ۋە يۇمشاق چىملىققا تاشلىدى، چىملارنىڭ ئىگىلگەن ئۇچلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان مۇزدەك سوغۇق شەبنەم تامچىلىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلدى، كىچىككىنە مەلىكە قاتتىق ئەندىكىپ، گويا چۈشىدىن ئويغانغاندەكلا بولدى.

بىراق ئۇ نېمىلا بولسۇن شاھانە زىنداندىن ئازاد بولۇپ، چاھار باغقا چىقىپ قالغان ئىدى، گۈللەر ئۇنىڭغا بۆك - باراقسان دەل - دەرەخلەردەك، ھەشقىپىچەك چىرمىشىۋالغان سەرۋى دەرىخى بولسا ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكتەك كۆرۈندى، قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان شىلدىرلىغان ئاۋازلار ئۇنىڭغا ئاراملىق بېغىشلىدى.

ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ئۇ ئويلىنىۋاتقاندا يەنە بىر يەرلەردىن چىرر - چىرر! … قىلىپ چىرىلداشلار ۋە يەنە بىر يەرلەردىن كۇرر - كۇرر … قىلىپ كۇرۇلداشلارمۇ ئاڭلاندى، ئېھ! نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە؟

«بۇ چۈشۈم ئەمەس ئوخشۇمكەن» شىۋىرلىدى ئۇ يەنە سۆيۈنۈش بىلەن.

بۇ يەرنىڭ گۈل ھىدىغا تويۇنغان سالقىن ھاۋاسى ئۇنى خېلىلا سەگەكلەشتۈرۈپ قويغان ئىدى.

«بىراق بۇ جاي سەل سوغۇقتەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە، — ئەمدى قەيەرگە بېرىپ جايلىشىۋالسام بولىدىكىن.»

ئۇ چىملارنى ئارىلاپ بىرنەچچە قەدەم يۈردى، بىر يەرلەردە ئاي نۇرى جىلۋە قىلاتتى، بىر يەرلەردە بولسا قارا كۆلەڭگىلەر ئەلەڭگۈپ تۇراتتى.

كىچىككىنە مەلىكىنىڭ مېڭىۋېرىشقا رىغبىتى قالمىدى ـ دە، «بولدىلا، — دېدى ئاخىرى بوشىشىپ، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپلا تاڭ ئاتقۇزايچۇ.»

ئۇ تۇرغان يېرىدىلا تاشلىنىپ ئولتۇردى ۋە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نېمە قىلىش، نەگە بېرىش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى، لېكىن ئويىنىڭ نەتىجىسى چىققىچە قىڭغىيىپلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر چاغلاردا قۇشقاچلارنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تېگىشمەي چۇرۇقلاشلىرى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

مەشرىق ئۇپۇقلىرىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئالەمنى نۇر ۋە ئاپتاپقا چۆمۈلدۈرگەن ئىدى، ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى گۈل ئېتىزلىقىدا خانىشلارنىڭ زەر تاجىدىكى ئوتقاشتەك مەغرۇر تاجىگۈللەر سەلكىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى، سەرۋى دەرىخىنىڭ كۈمۈش رەڭلىك غولىغا چىرمىشىۋالغان ھەشقىپىچەكنىڭ يايپېشىل يۇرەكسىمان ياپراقلىرى ئارىسىدا بولسا كانايسىمان سۆسۈن گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى، نېرىدا بولسا ياپراقلىرىدا سۈپسۈزۈك مەرۋايىت تامچىلار لىغىرلاپ تۇرغان ئوتقاشتەك قىزىل ئەتىرگۈل كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق پاختىدەك بۇلۇتلارنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ۋە

توختىماي ئۇلارغا باش لىڭشىتىپ سالاملىشىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى.

«ئاق كېپىنەكنىڭ مەشۇقى شۇمىدۇ؟ » سوئال قويدى كىچىككىنە مەلىكە ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپىدىكى گۈل ـ گىياھلار ۋە قۇشقاچلار، ھاشاراتلارنىڭ ئىسمى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانماقتا ئىدى.

ئۇ چىملارنى ئارىلاپ قىزىل ئەتىرگۈل تەرەپكە ماڭدى، ئەمما كۈتمىگەن يەردىن ئۇ ئاق كېپىنەكنى مەشۇقى ئۇچۇن لىپ ـ لىپ ئۇچۇپ توختىماي ئۇسسۇل ئويناپ بېرىۋاتقان ياكى مەشۇقىنىڭ قىپقىزىل مەخمەلدەك گۈل بەرگىلىرىدىن قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگۈ لەززىتىنى ئېلىۋاتقان ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەتىرگۈل شېخىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بىر تال تىكەنگە سانجىلىپ قالغان ھالىتىدە كۆردى.

كىچىككىنە مەلىكە ئۆز تېنىگىمۇ شۇنداق بىر تىكەن سانجىلىپ كەتكەندەكلا ھېس قىلدى ـ دە، تولۇقلىنىۋاتتى. ئاھ! خۇدا، بۇ نېمە ئىش، ئۇنى ئۆز مەشۇقىنىڭ باغرىدىكى تىكەنگە كىم سانجىپ قويغاندۇ؟ نېمىشقا مۇشۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلغاندۇ؟

ــ مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ باغرىدا ئۆلۈش يولىنى تاللىدىم، ــ دېگەن زەئىپقىنە ئاۋاز كەلدى ئاق كېپىنەكتىن.

ــ نېمىشقا، نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟ ــ سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ئۇ، — دېدى ئاق كېپىنەك زورۇقۇپ تۇرۇپ، — مەن سېنىڭ قېشىڭدا بولغان بىردەملىك ۋاقىت ئىچىدە مەندىن يۈز ئۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ قىپقىزىل ۋە يۇمران لەۋلىرىگە باشقا بىرى سۆيۈۋېتىپتۇ، ئۇ بولسا تېگىشلىك بولمىغان بۇ سۆيۈشنى رايىشلىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىۋېتىپتۇ.

مەن كېلىشىم ھېلىقى مەلئۇن قېچىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا مەندىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى سورىدىم، نېمىشقا ھېلىقى مەلئۇننىڭ باغرىغا ئۆتكۈر تىكەنلىرىنى سانجىپ، ئار - نومۇسنى قوغدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغان تۇرۇپ يەنە باشقىلارنى لەۋلىرىدىن سۆيۈۋېلىش بەختىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلغانلىقىنى سورىدىم، بىراق ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرمىدى، بۇنىڭغا مەن قانداق تاقەت قىلاي، بىراق، مەن ئۇنىڭ ياپراقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان مەرۋايىت تامچىلارنى كۆردۈم، بىلدىم، ئۇ ئۇن - تىنسىزلا پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. ئەپۇ قىلىشىمنى ئۈمىد قىپتۇ، مەن بولسام ئۇنى چۈشەنمەي، يۈرىكىنى زېدە قىلىدىغان سوئاللارنى ئارقا - ئارقىدىن سوراپتىمەن.

ئاھ! مەن نەقەدەر ئەقىلسىز، نەقەدەر باغرى تاشمەن - ھە؟ ھاياتىمدا ئەڭ قەدىرلىگەن، ئەڭ ياخشى كۆرگەن ۋە چىن يۈرەكتىن سۆيگەن كىشىمنىڭ يۈرىكىنى يارا قىلدىم، كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلمىدىم، ئەپۇ رومىلى بىلەن سۈرتمىدىم، مەن



شۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. كۆڭۈل تەختىمنىڭ شاھبانۇسى ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم.

شۇ چاغ قۇلاق تۈۋىمدە سەلكىن شامالنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئاڭلاندى، بايقىسام مېنى ئەيىبلەۋېتىپتۇ، شۇ چاغ يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقاشتەك قىزىل ئەتىرگۇلنىڭ بىر تال بەرگى تۆكۈلۈپ، لەيلەپ ـ لەيلەپ يەرگە چۈشتى. گويا يۈرىكىمنىڭ بىر پارسى ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەكلا بولدى، قاتتىق ئازابلاندىم، ئۇمۇ نەقەدەر قاتتىق ئازابلانغاندۇ ـ ھە؟ مەن ئەمدى ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيتتىم، ئاخىرى ئۇنىڭ باغرىدا ئۆلۈشنى، قىپقىزىل قانلىرىم بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى يۇيۇشنى قارار قىلدىم، بىراق ئۇ مېنى كەچۈرگەنىدۇ…

ئۇ سۆزدىن توختىدى، ئەمدى ئۇ مەڭگۈ سۆزلىيەلمەيتتى، شۇ چاغ قىزىل ئەتىرگۇل «مەن ئۇنى كەچۈردۈم» دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتتى، لېكىن كېپىنەكتىن ئىنكاس بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ جىمىپلا قالدى.

بىر چاغلاردا قىزىل ئەتىرگۇل بىر تال بەرگىنى تاشلىدى، ئارقىدىن يەنە بىر تال، يەنە بىر تال تاشلىدى. ئاخىرى بىردىنلا توزۇپ كەتتى، تۆكۈلگەن گۇل بەرگلىرىدىن بەزىسى تېخىچە تىكەندە سانجىلىپ تۇرغان ئاق كېپىنەكنى سۆيۈپ ئۆتتى، سەلكىن شامال توزۇپ چۈشكەن تەڭگىدەك، تەڭگىدەك گۇل بەرگلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىۋەتتى.

«ئەمدى قەيەرگە بارسام بولاركىن» دېدى كىچىككىنە مەلىكە

ئۆز ـ ئۆزىگە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ گۈزەل باغقا بولغان مەپتۇنلۇقى سۇسلاشقانىدى. بەلكى بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشنى خالايتتى.

تۇيۇقسىز بىر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ ـ چۇڭ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، نېمە ئىش بولدىكىنە؟

ئەسلىدە كىچىككىنە مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىدا يوقلۇقىنى كۆرگەن خانىش كېنىزەكلىرىگە دەشنام قىلىۋاتاتتى.

— ئۇنى قەيەرگە قاچۇرۇۋېتىشتىڭ؟ — تۈۋلايتتى ئۇ كېنىزەكلىرىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ تۇرۇپ، — ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ يۈرسە بىر مۇنچە سۆز ـ چۆچەك پەيدا قىلىپ، ئاخىرىغا بېرىپ يەنە مېنىڭ پېرىخون ئالدىغا بارغان ئىشىمنى ئاشكارا قىلىپ قويىمدۇ، شاھ بىلىپ قالسا بالاغا قالىمەن. تېز بولۇش، — دەپ بۇيرۇدى ئۇ ئاخىرىدا يەنە، — ئۇنى نەدىن بولسۇن دەرھال تېپىش. بولمىسا كاللاڭلارغا ھېزى بولۇش، قۇشقاچىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزدۈرۈۋېتىمەن.

كېنىزەكلەر دەرھال پالاقشىپ ئىزدەشكە مېڭىشتى، كىچىككىنە مەلىكە ئۇلار ئۆزىنى تاپالماي قالسا كاللىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ بىردىنلا كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى ئەندىشە چىرمىۋالدى ـ دە: «ھەي، مەن بۇ يەردە، مەن چاھار باغ ئىچىدە، مېنى بۇ يەردىن ئىزدەڭلار» دېدى.

بىراق ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ھۇجرىدا تېپىرلاپ تۇرغان خانىشنىڭمۇ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭغان كېنىزەكلەرنىڭمۇ قۇلىقىغا

يەتمىدى.

كىچىككىنە مەلىكە ھەر تەرەپكە دۈقۈرۈپ، چاھار باغدىن چىقىدىغان يول ئىزدەپ باقتى. لېكىن خېلى ئۇزۇن ئاۋارە بولۇپمۇ چاھار باغنىڭ ئىشىكىنى تاپالمىدى.

بۇ ۋاقىتتا بولسا خانىش ئاللىبۇرۇن ھېلىقى كېنىزەكلىرىنى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار كىچىككىنە مەلىكىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغىنى ۋە ئۇنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنىڭ شاھىتلىرى ئىدى.

— خانىش نېمىدېگەن رەزىل - ھە؟ — كىمدۇر بىرى كىچىككىنە مەلىكىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شىۋىرلىدى، — ئۇ بىكاردىن - بىكار ئۆزىگە سادىق كېنىزەكلىرىنىڭ ھاياتلىق گۈلىنى شېخىدىن ئۈزدۈردى، بىچارىلەر، نېمە گۇناھى ئۈچۈن شۇنداق ئاقىۋەتكە قالغىنىنى بىلەمسەن؟

— ماڭا گەپ قىلغان كىم؟ — كىچىككىنە مەلىكە ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، گۈللەر يەنىلا سەلكىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى. چەشمە سۈلىرى تارام - تاراملاپ، بىرخىل رىتىمدا «شىلدىر - شىلدىر» ناخشىسىنى ئوقۇپ ئېقىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى، قۇشقاچلار بولسا قەيەرلەردىدۇر چۇرۇقلىشىۋاتاتتى. ھېچبىرى ئۆزىگە دىققەت قىلغاندەك ئەمەس، گەپ قىلغان كىمدۇ؟

— مەن سالقىن سابا، — دېگەن شىۋىرلاش ئاڭلاندى كىچىككىنە مەلىكىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، يەنە، — مەن مۇشۇ چاھار

باغنى ماكان قىلغان، گاھىدا شاھانە ئوردا ـ قەسىرلىرىنىمۇ ئارىلاپ ساياھەت قىلىپ چىقىمەن ھەم باغدىكىلەرگە ئوردا خەۋەرلىرىنى يەتكۈزگۈچىمەن.

— خانىش راستتىنلا كېنىزەكلىرىنىڭ بېشىنى كېسىشكە پەرمان چۈشۈردىمۇ؟ جاللاتلار راستتىنلا ئۇلارنىڭ بېشىنى كەستىمۇ؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە، ئۇ سالقىن سابانىڭ بايىقى سۆزلىرىگە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— شۇنداق، — دېدى سالقىن سابا، — مەن ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ يىلىنىش ـ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ۋەھشىي جاللاتلارغا تاپشۇرغىنىنى، جاللاتلارنىڭ بولسا ئۇلارنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، يالتىراپ تۇرغان قىلىچلار بىلەن بويىنغا چاپقانلىقىنى، قىپقىزىل گۈل بەرگىدەك قانلار ھەر تەرەپكە چاچراپ، ئارقىدىنلا شارقىراپ ئاققىنىنى، چىرايى شامدەك تاتارغان بىر جۈپ باشنىڭ قان ئۇستىگە تورۇككىدە چۈشكىنىنى، بىر جۈپ باشسىز نازۇك گەۋدىلەرنىڭ قان ئۇستىدە تېپىرلاپ قالغىنىنى، كېيىن بۇ باش ۋە بەدەنلەرنىڭ چوڭقۇر يۇندى قۇدۇقىغا تاشلىنىۋېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئاھ! نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھە؟

كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى سالقىن سابا، —

ئوماققىنە چىرايلىق ھېلىقى كېسىلگەن باشلارنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ، ئالىمدەك مەڭزىلىرىگە كۆز ياشلىرىڭ ساقىپتۇ.

— بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى، — تىۋلىۋەتتى كىچىككىنە مەلىكە ئازابلىنىپ.

— ياق، ياق، — دېدى سالقىن سابا، — بۇ رەزىل خانىشنىڭ ئىشى، ئۇ ئەسلىدە سېنى يوقاتماقچى، ئاندىن ئۇلارنىمۇ يوقاتماقچى، سېنى ۋە سېنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ پىرىخون ئالدىغا بارغانلىقىنى يوشۇرماقچى ئىدى. چۈنكى شاھ پىرىخون، جادۇگەرلەرنى ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلغانلارنى بەك يامان كۆرەتتى. خانىشنىڭ قىلمىشىنى بىلسە ئۇنى قاتتىق جازالايتتى، سەن ئەمدى بۇ يەردىن كەت، خانىشنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى جاللاتلار بىلىپ قالدى، ھامان بىر كۈنى باشقىلارمۇ بىلىدۇ، ئۇ جاجىسىنى يەيدۇ، بىراق ئۇنىڭغىچە يەنىلا سېنى ئىزدەيدۇ، قولىغا چۈشۈپلا قالساڭ ھېلىقى يوندى قۇدۇقىغا تاشلىنىشىڭ چوقۇم. تېز كەت.

— بىراق مەن بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىمەن؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە مەيۈسلۈك بىلەن.

— ئەنە ئۇ چەشمىدىن تارالغان كىچىك ئېقىنلارنى بويلاپ يۈر، بىر ئېرىق بويىغا يېتىسەن. ئېرىقتىكى ئالتۇن بېلىق ياردەم قىلىدۇ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭغا تاپىلايمەن، — دېدى سالقىن سابا.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە خۇشال

بولۇپ، ـــ سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.
سالقىن سابا غۇي قىلىپلا كېتىپ قالدى، كىچىككىنە مەلىكە كىچىك ئېقىننى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى، ئاخىرى ئېرىق بويىغىمۇ يەتتى.
گىرانىت تاشلاردىن ياسالغان ئېرىقتا لىپمۇلىق سۈزۈك سۇ تىنچ ئاقماقتا ئىدى. ئاستىدا خىلمۇخىل رەڭلىك تاشلار پارقىراپ ياتاتتى. بىراق ئالتۇن بېلىق ئەمەس، بىرەر تال ئادەتتىكى بېلىقمۇ كۆرۈنمەيتتى.
كىچىككىنە مەلىكە ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ قالدى، ئاخىرى بىر جۈپ كۆزى پۈلتىيىپ چىققان ۋە قۇيرۇقلىرى يەلپۈگۈچتەك، بېلى بوغۇپ قويغاندەكلا، ئەمما پۈتۈن تېنى قىپقىزىل ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان بەكمۇ چىرايلىق بىر ئالتۇن بېلىق چوڭلۇقى تاۋاقچىلىك بىر تال ئالتۇن رەڭلىك قۇلۇلە قېپىنى ئىككى تال يىپچە بىلەن هارۋا قىلىپ سۆرەپ كەلدى.
ـــ قېنى هارۋىغا چىقىڭ، ـــ دېدى ئالتۇن بېلىق، ـــ مەن سىزنى سىرتقا ئەپچىقىپ قويىمەن.
كىچىككىنە مەلىكە سەل قورقۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا قۇلۇلە قېپىغا چىقىپ ئولتۇردى، قۇلۇلە قېپى ئۇ ئەنسىرىگەندەك چۆچۈپ كەتمىدى، ئالتۇن بېلىق سۇ ئېقىمى بويلاپ، قۇلۇلە قېپىنى سۆرەپ ئۈزۈپ كەتتى، كىچىككىنە مەلىكە ئەمدى بەكمۇ هوزۇر هېس قىلدى.
شۇ چاغ بىردىنلا كەينى تەرەپتىن:

— ئۇ ئەنە، ئەنە ئېرىقتا، قۇلۇلە قېپىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، تېز قوغلاڭلار، — دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.
خانىشنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇنى ئىزدەۋاتقان جاللاتلار چاھار باغقا كىرىپ ئۇنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئېرىق بويلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى، كىچىككىنە مەلىكە قورقىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى، ئالتۇن بېلىق بولسا تېخىمۇ ئىتتىك ئۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىرى سۆڭگۈچكىمۇ يەتتى، قوغلاپ كەلگەنلەر تۇتۇۋېلىشقا قول سوزۇشى، ئۇ چاققانلىق بىلەن سۆڭگۈچتىن ئۆتۈپ كەتتى.
چاھار باغنىڭ كەينى بۆك ـ باراقسان ئورمانلىق ئىدى، ئېرىق بولسا ئورمانلىقنى يېرىپ ئاقاتتى، ئېرىق سۈيىدە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئەلەڭگۈپلا تۇراتتى.
ئالتۇن بېلىق ئۈزدى، ئۈزدى، ئاخىرى ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك بىر كۆلگە يەتتى، كۆل سۈيى مەيىن شامالنىڭ سۆيۈشلىرىگە كۆلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بېرىۋاتقاندەك يەڭگىل دولقۇنلىنىپ، قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قويىنىدا بولسا خىلمۇخىل بېلىق ۋە بېلىجانلار ھاۋادىكى قۇشلاردەك ئەركىن ئۈزۈپ ئويناپ يۈرەتتى، كۆل ئاستى بولسا قېنىق يېشىللىققا پۈركەنگەن يايلاقنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، خىلمۇخىل سۇ ئۆسۈملۈكلىرى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان گىياھلاردەك تەۋرىنەتتى.
— سىزنى قەيەرگە چۇشۇرۇپ قويىمەن، — سورىدى ئالتۇن بېلىق كۆل مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولۇپ قاراپ قالغان

كىچىككىنە مەلىكىگە.

— قەيەرگە چۈشسەم ياخشى بولاركىن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — ھېچ بىلمىدىم، مەن بۇ يەرگە جاللاتلارنىڭ تۇتۇۋېلىپ خانىشقا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا قېچىپ كېلىپ قالدىم، تۇرىدىغان جايىممۇ، بارىدىغان مەنزىلىممۇ يوق.

— ئۇنداقتا سىز ئەڭ ياخشىسى بەخت ئارىلىغا بېرىڭ، — دېدى ئالتۇن بېلىق مەسلىھەت بېرىپ، — ئۇ ئارالدا ئاق كۆڭۈل پەرىزات بارمىش، ئۇنىڭ بىر خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى بولۇپ، ئالدىغا كەلگەنلا كىشىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزەرمىش.

— مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسام نېمە قىلارمەن؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە گاڭگىراپ.

— بويىڭىزنى ئۆستۈرىدىغان دورا تەلەپ قىلىڭ، — دېدى ئالتۇن بېلىق، — ئۆسۈپ چوڭ ئادەملەردەك بولسىڭىز سىزگە خەتەر يەتمەيدۇ، خاتىرجەم ياشايسىز، ھازىرقى تۇرقىڭىزدا بولسا ھەركىم سىزنى بوزەك قىلىدۇ، خېيىم - خەتەر ئىچىدىلا يۈرىسىز.

— بەخت ئارىلى قەيەردە؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە يەنە، — ئۇنى قانداق تاپىمەن؟

— بەخت ئارىلى چوڭ بىر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمىش، — دېدى ئالتۇن بېلىق، — بەلكىم بەك يىراقتا بولۇشى مۇمكىن، مەن سىزنى كۆلدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي، ئاندىن سەپەرگە ئاتلانسىڭىز بولىدۇ.

— مەن چوقۇم بەخت ئارىلىنى تاپىمەن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە قەتئىيلىك بىلەن.

ئالتۇن بېلىق يەنە ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى كۆلنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا يەتكۈزدى، كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ:

— رەھمەت ساڭا، — دېدى شوخلۇق بىلەن، — مەن چوڭ بولسام ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مەڭگۈ بېلىق يېمەسلىككە ئەھدە قىلىمەن.

ئالتۇن بېلىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قويۇپ «خەير - خوش، ئاق يول بولسۇن» دېدى - دە، قۇلۇلە قېپىنى تاشلاپ كۆل ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

كىچىككىنە مەلىكە يولىغا راۋان بولدى، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر ئۇنىڭغا ئاسماننى تىرەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەردەكلا كۆرۈندى.

ئەگەر بۇ دەرەخلەر كېسىپ تاشلانسا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشەرمۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇ كېتىۋېتىپ.

ئورمانلىق تىنىپتىنچ، لېكىن سۈرلۈك ئىدى، ئارىلاپ قايسىدۇر بىر قۇشنىڭ ۋىچىرلىشى ياكى تۇيۇقسىز چىققان شامالنىڭ دەرەخ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىشلىرىلا ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

كىچىككىنە مەلىكە يۈردى، يۈردى، تۇيۇقسىز بىر تەرەپتىن نېمىنىڭدۇر دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى،

كىچىككىنە مەلىكىنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

ھۆركىرىگەن نېمىكىنە؟

ھايالىسىزلا ئۇ ساپسېرىق تېنى يول ـ يول قارا سىزىقلار بىلەن قاپلانغان بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆردى.

مېنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ، ــ دەپ ئويلىدى كىچىككىنە مەلىكە، ــ كۆرگەن بولسا نېمە قىلار.

ھېلىقى مەخلۇق ئۇنى كۆرمىگەن ئىدى. لېكىن نېمىنىدۇر سەزگەندەك ئەتراپىقا نەزەر سالاتتى، ئەتراپتىن كېلىۋاتقان خىلمۇخىل ھىدلار ئىچىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھىدىنى تېپىشقا ئۇرۇۋاتقاندەكلا ئىدى.

ئاخىرى ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كىچىككىنە مەلىكە چۆكۈۋالغان چۆپلۈك تەرەپكە كەلدى.

ــ ئەمدى قانداق قىلارمەن، ــ شىۋىرلىدى كىچىككىنە مەلىكە قورقۇنچتا، ــ ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشۇم يوق گەپ، ئاھ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

ھېلىقى مەخلۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئېغىر قەدەملىرىدە چەيلەپ يېقىنلاپ، ھىدلاپ كېلىۋەردى، كىچىككىنە مەلىكە تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، كۆزلىرىنىمۇ يۇمۇۋالدى:

ــ ئاھ! تۈگەشتىم، ــ دەۋەتتى ئۈمىدسىزلىك بىلەن.

لېكىن شۇ چاغ نېمىدۇ بىر كىچىك مەخلۇق ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ دەرەخكە يامىشىپ

چىقىشىۋالدى، ئېتىلىپ كەلگەن ھېلىقى زور مەخلۇق بولسا دەرەخنى تاتىلاپ ھۆركىرەپ قالدى.

كىچىككىنە مەلىكە ئۆزىنى قوتقۇزغۇچىنىڭ جۇغى ئۆزىدىن سەل چوڭ، قوڭۇر رەڭلىك تۈكلىرى يۇمشاق ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان، قۇيرۇقى بولسا تېنىدىن بىر ھەسسە دېگۈدەك يوغان بىر ئوماق جانىۋار ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ئالدى پۇتلىرىدا كىچىككىنە مەلىكىنى قۇچاقلاپ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن دەرەخ ئاچىمىقىدا مەزمۇت ئولتۇراتتى.

— سىز كىم؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— مەن تىيىن، — دېدى ھېلىقى ئوماققىنە جانىۋار، — ئورمان ئەركىسى.

— مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن بەكمۇ مىننەتدارمەن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخلۇق مېنى تۇتۇۋالسا نېمە بولۇپ كېتەتتىمكىن بىلمىدىم، قورقۇپ جېنىم چىقايلا دەپ قالغان ئىدى.

— ئۇ دېگەن يولۋاس، — دېدى تىيىن، — ئۇ ئورمان زومىگەرى، بەكمۇ ۋەھشىي يىرتقۇچ. ئۇچرىغانلا مەخلۇقنى، مەيلى باشقا ھايۋان ياكى ئادەم بولسۇن تۇتۇپ يەۋېتىدۇ. ئۇ بىزدەك ئاجىز ۋە كىچىك ھايۋانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئۇ سىزنى تۇتۇۋالغان بولسا چوقۇم بىر يالاپلا يۇتۇۋېتەتتى، سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەن ئىدىڭىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟

— تېخى ئىسمىم قويۇلمىغان، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، —

بەخت ئارىلىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئىدىم. چۈنكى ئۇ ئارالدا ھەممە كىشىنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ قويالايدىغان بىر خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرى بار ئاق كۆڭۈل پەرىزات بارمىش، مەن ئۇنىڭدىن مېنى چوڭ ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان دورا تەلەپ قىلماقچى ئىدىم.

— مەن سىزگە بىر ھەمراھ قوشۇپ قوياي، — دېدى تىيىن، — يالغۇز سەپەر قىلىش ھەم خەتەرلىك ھەم زېرىكىشلىك.

— ئۇ قېنى؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە خۇشال بولۇپ.

— ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە، — دېدى تىيىن، — مەن سىزنى ئېلىپ باراي.

تىيىن كىچىككىنە مەلىكىنى ھاپاش قىلىپ، شاختىن ـ شاخقا، دەرەختىن ـ دەرەخكە سەكرەپ يۈرۈپ، تېزلا بىر قېرى قارىغايغا يەتتى، قېرى قارىغاي شاخلىرى ئەتراپىدىكى باشقا دەرەخ شاخلىرى بىلەن گىرەلىشىپ، بەئەينى بىر باراڭ ھاسىل قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ غولىدا يەنە بىر كامار بولۇپ، ئۇ تىيىننىڭ ئۆيى ئىدى. كىچىككىنە مەلىكە تىيىن بىلەن كامارغا كىردى، كامار ئىچى غاجىلىنىپ چوڭايتىلغان، سىلىقلانغان، ئىللىققىنە بىر ئۆي بولۇپ، ئۇ يەردە ئوماققىنە بىر جۈپ تىيىنچاق بىلەن بويى كىچىككىنە مەلىكىدىن ئېگىزرەك، ئۇچىدا يۇمىلاق پۆپۈكى بار ئۇچلۇق ئالىچىپار بۆك كىيگەن بىر رېزىنكە قونچاق بالا بار ئىدى.

— مېھماننى قارشى ئېلىڭلار، — دېدى تىيىن ئۆلارغا.

— ئۇ كىم؟ — سوراشتى شوخ تىيىنچاقلار ئۇرنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشىپ.

— ئۇ يولۋاس ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋالغان قىزچاق، — دېدى تىيىن، — ئۇ بەخت ئارىلىغا بارماقچى، ئۇ يەردىكى پەرىزاتتىن بويىنى ئۆستۈرىدىغان دورا تەلەپ قىلماقچى ئىكەن، چۈنكى ئۇ پەرىزاتنىڭ ئادەمنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى بارمىش.

— مەن بىللە بارسام بولغۇدەك، — دېدى رېزىنكە بالا، — مەن ئۆزۈمدە ھەقىقىي ئادەمدەك روھ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، پەرىزات بەلكىم ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپ قويار.

— شۇنداق قىل، — دېدى تىيىن، — ئۇنى مەن بۇ يەرگە سېنى ھەمراھ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىدىم.

ئاندىن ئۇ تىيىنچاقلىرى بىلەن تال ـ چىۋىقلاردىن چوڭلۇقى پىيالىچە بىر چىرايلىق سېۋەت توقۇدى، سېۋەتكە ئورماندىن تاپقىلى بولىدىغانلىكى ئۇششاق ياۋا مېۋىلەردىن تولدۇردى، ئاندىن ئۇنى كىچىككىنە مەلىكىگە يولدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن يوللۇق تۇتۇپ، رېزىنكە بالا بىلەن بىللە سەپەرگە ئۇزاتتى.

كىچىككىنە مەلىكە بىلەن رېزىنكە بالا سېۋەتنى ئىككى تەرەپتىن تۇتۇپ تەڭ كۆتۈرۈشۈپ يولغا راۋان بولدى، ئورمانلىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى، كەچ كىرگەندە قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا چۆكۈۋېلىپ تۈننى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈشتى.

قوياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا يولىنى يەنە داۋام قىلىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئورماندىنمۇ چىقتى، چەت - ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالا قۇچاق ئاچتى، كەڭ دالىغا يېيىلغان ياپيېشىل گىلەمدەك ئوت - چۆپلەر ۋە گىلەمگە چېكىلگەن گۈل - نەقىشلەردەك رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ئۇلارنى باش لىڭشىتىپ قارشى ئالدى.

كىچىك سەپەرداشلار ئەمدى يېشىل ئوت - چۆپلەرنى ئارىلاپ، گاھ يۈگۈرۈشۈپ، گاھ يۇمىلىشىپ، يولنى كۆڭۈللۈك داۋام قىلىشتى، كىچىككىنە مەلىكىنىڭ ناشتىلىقىدىن ئاشقان قىرتاق ياۋا مېۋىلەرنى بولسا سېۋەت بىلەن تاشلاپ قويۇشتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي كىچىككىنە مەلىكە ھېرىپ - چارچاپ، تەرگە چۆمۈپلا كەتتى، رېزىنكە بالا بولسا مەڭگۈ چارچىمايدىغاندەكلا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كىچىككىنە مەلىكىنىڭ رايىغا بېرىپ، ئارام ئېلىشقا قوشۇلدى، ئۇلار ئوتقاشتەك ئېچىلغان بىر تۈپ ياۋا گۈلنىڭ سايىسىگە ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، ئارام ئېلىشقا ئولتۇردى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھەرخىل ئوي - خىياللار ئەگىيتتى.

بەخت ئارىلىغا تىنچ - ئامان يېتىپ بارالارمەنمۇ؟ ئۇ قانچىلىك يىراقلىقتىدۇ؟ دەپ ئويلايتتى كىچىككىنە مەلىكە.

مەن راستتىنلا ئادەمدەك روھقا ئىگە بولالارمەنمۇ؟ پەرىزاتنىڭ

قولىدىن شۇنداق كارامەت كېلەرمۇ؟ دەپ ئويلايتتى رېزىنكە بالا.
ئۇلار ئۆز ئوي ـ پىكرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغان شۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن كۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئىككى تەرەپكە ئايرىلىشقا باشلىدى. گويا كىمدۇر بىرى ئارىلاپ كېلىۋاتقاندەك.
رېزىنكە بالىمۇ، كىچىككىنە مەلىكىمۇ سەگەكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان چۆپلۈكتىن ئالىقانچىلىك بىر ئۈچ بۇرجەك ياپىلاق باش كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ تىلىپ قويغاندەك ئاغزىدىن ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بىر تىل چىقىپ تارتىلىپلا تۇراتتى، كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنايتتى، ئالچىپار قاسىراقلىق تېرىسى بولسا مايلاپ قويغاندەكلا پارقىرايتتى.
ــ يىلان، ــ تووۋلىۋەتتى رېزىنكە بالا، ــ قىزچاق سىز تېز قېچىڭ، مەن ئۇنى توسۇۋالاي.
ــ سىزچۇ؟ ــ سورىدى كىچىككىنە مەلىكە قېچىشقا تەمشىلىۋېتىپ.
ــ كەينىڭىزدىن يېتىۋالىمەن. تېز بولۇڭ، ــ دېدى رېزىنكە بالا تەقەززالىق بىلەن.
ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقىچە يىلان ئېتىلىپ كېلىپ رېزىنكە بالىغا نەشتەر سالدى. كىچىككىنە مەلىكە بولسا قورقۇنچىدا ئالدى ـ ئارقىغا باقماي بىر تەرەپكە قاچتى.
يۈگۈردى، يۈگۈردى، جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى، قانچىلىك

ۋاقىت شۇنداق قېچىپ يۈگۈرگىنى نامەلۇم ئاخىرى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندىلا توختىدى، ھاسىراشلىرى خېلى ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. ئاخىرى سەل ئارام تاپقاندىن كېيىن ھەر تەرەپكە قاراپ رېزىنكە بالىنى ئىزدىدى، چاقىردى، لېكىن رېزىنكە بالىدىن دېرەك بولمىدى.

— ئاھ! خۇدا، مەن ئۇنى تاشلاپ قاچتىم، — دەپلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ئۇ، — ئۇ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ يىلان چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ، مەن بەك قورقۇنچاق، بەك كېرەكسىز ئىكەنمەن...

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇزاققىچە ئەيىبلىدى، كۆز يېشىمۇ ئۇزاققىچە توختىمىدى، كۆز چاناقلىرىغا سىغمايلا قالغان ياش سەۋەبلىكمىكىن كۆز ئالدى غۇۋالاشتى، ئەتراپىنى سۇس تۇمان قاپلىۋالغاندەكلا بىلىندى. بىردىنلا تۇمان ئىچىدىن بىر دەستە چىرايلىق ياۋا گۈل كۆتۈرۈۋالغان رېزىنكە بالا چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھېچقانداق ئىپادىسىز سوغۇق چېھرى ھازىر تاتلىق قىنە كۈلۈمسىرەش جىلۋىسىدە نۇرلىنىپ كەتكەنىدى، زادىلا مىدىراپ باقمىغان نۇرسىز كۆز قارىچۇقلىرىمۇ ھەييارلىق بىلەن پىلدىرلاپ، چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى.

بىراق ئۇ ھاۋانىلا قۇچاقلاپ قالدى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ قارىغىنىدا مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ياۋا گۈل ۋە ئوت ـ چۆپلەردىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىدى. ھېلىلا ئىچىگە سىغدۇرالمايلا قالغان خۇشاللىقى قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى،

ئورنىدا ئۇمىدسىزلىك ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت تولۇپ تاشتى. ھېلىلا توختىغان كۆز ياشلىرى يەنە تاراملاپ ئاقتى.

ئۇ شۇنداق كۆز يېشى قىلىپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز ئاسماندىن بىر نەرسە يۇمشاق ۋە قويۇق چۆپلۈككە پوككىدە چۈشتى، چۆچۈپ كەتكەن كىچىككىنە مەلىكە دەرھال ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ماراشقا باشلىدى.

بىراق ئۇ يەردىن ئۇنى ھەيرانلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرۈپ، رېزىنكە بالا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەلدى.

ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھېچقانداق ئىپادىسىز ۋە سوغۇق، كۆز قارىچۇقلىرىمۇ كۆز ئېقىغا مەڭگۈ مىدىرلىماسقا پاتۇرۇپ قويغاندەكلا جانسىز ئىدى، لېكىن ساق ـ سالامەت ئىدى.

— رېزىنكە بالا، — قورقۇمسىراپ توۋلىدى كىچىككىنە مەلىكە، — بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى رېزىنكە بالا، — مەن يەنە سىزنى تېپىۋالدىم.

— ھېلىقى يىلان سىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ يەنە تاشلىۋەتتىمۇ؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ.

— ياق، — دېدى رېزىنكە بالا، — يىلان مېنى ھېچنېمە قىلالمىدى، چۈنكى مەن رېزىنكىدىن ياسالغانده، نەشتەر سالسىمۇ زەھىرى كار قىلمايدۇ. مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشى

بولسا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ قاناتسىز، ئۇچالمايدۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ سىزنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدىم، كۈچۈم يەتمىدى، يىلان بولسا ماڭا يۆگىشىۋالدى، شۇ چاغدا بىر بۈركۈت شۇڭغۇپ كېلىپ يىلاننى تۇتۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. مەنمۇ يىلان بىلەن بىللە چىقىپ قالدىم، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىغا كەلگەندە بوشىنىۋېلىپ، يەرگە چۈشتۈم.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — مەن سىزنى ئەمدى تىرىك قالمىدى، مەن بولسام «ئۆزۈمنىلا ئويلاپ قېچىپ كەتتىم، ياردەم بېرەيمۇ دېمىدىم» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، يىغلاپ ئولتۇرغان ئىدىم. مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟

— قېچىپ قۇتۇلغىنىڭىز ياخشى بولغان، — دېدى رېزىنكە بالا، — يىلانغا سىز ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايتتىڭىز، بەلكى ئۇ سىزنى يۇتۇنلا يۇتۇۋېتەتتى، ئەھمىيەتسىز ياردەمنى قىلىمەن دېگەندىن كۆرە ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزغىنىڭىز ئەۋزەل ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قول تۇتۇشۇپ يولنى داۋام قىلدى. كەچ كىرگىچە توختىماي ماڭدى، ئاسمان يۇزىگە تۈن چۈمبىلى يېپىلغاندا بىر تاغ باغرىغا يەتتى. ئوت ـ چۆپ ۋە ياۋا گۈللەرگە پۈركەنگەن كەڭ دالا كەينىدە قالدى.

كىچىككىنە مەلىكە ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق ئىچىدە بوشىشىپ، بىر تاشنىڭ دالدىسىغا تاشلىنىپلا يېتىۋالدى، رېزىنكە بالا ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، ئۇ ئۇخلىمايتتى،

چارچىمايتتى، يېمەيتتى ھەم ئىچمەيتتى، كىچىككىنە مەلىكە بولسا تېزلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر چاغلاردا ئۇ پۇزۇر كىيىنگەن بىر ئايالنىڭ كىچىككىنە بىر كۆمۈش پەتنۇسقا ئىسسىققىنە ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كىچىككىنە بىر چىنە مەززىلىك تاماق كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

كىچىككىنە بىر كۆمۈش قوشۇقمۇ كۆمۈش پەتنۇس ئۈستىدە يېقىملىق تىرىڭشىپ تۇراتتى.

كىچىككىنە مەلىكە خۇشال بولۇپ: «ئاپا» دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى، بىراق ئورنىدىن تۇرالمىدى، ھېلىقى ئايال يېقىنلاشقاندا بولسا خۇشاللىقى غايىب بولۇپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئايال ھېلىقى رەزىل خانىشقىلا ئوخشايتتى.

— بۇ ياققا كەل قىزىم، ساڭا تاماق ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ھېلىقى ئايال توختاپ.

كىچىككىنە مەلىكىنىڭ تاماقنى بەكلا يېگۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئايالنىڭ سۆرۈن تەلەتى خانىشقىلا ئوخشايدىغانلىقىدىن ئۈركۈپ، ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ھېلىقى ئايال بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك ئۆزى يېقىنلاشماقچى بولدى.

— ياق، ياق، ماڭا يېقىن كەلمەڭ، — توۋلىۋەتتى كىچىككىنە مەلىكە، ئۇ شۇنداق توۋلاۋېتىپ كەينىگە ياناقچى

بولدى، لېكىن كىچىك يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەكلا قىمىر قىلالمىدى.

شۇ چاغ كەينىدىن بىرسى تۈرتكەندەك بولدى ـ دە، چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى ئايالمۇ، كۈمۈش پەتنۇسمۇ، كۈمۈش قوشۇق ۋە نەپسىنى تاقىلداتقان مەززىلىك تاماقمۇ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ئۇنى رېزىنكە بالا تۈرتكەن ئىدى.

— ئۇھا! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — مەن خانىشنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا تاماق ئېلىپ كەپتۇ، بىراق تەلەتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك سۆرۈن، ماڭا يېقىنلىغان ئىدى، قاچىمەن دەپمۇ قاچالماي تۇرسام بىردىنلا غايىب بولدى.

— چۈش كۆرۈپسىز، — دېدى رېزىنكە بالا، — ئادەم ئۇخلىسىلا ھەرخىل چۈش كۆرىدۇ.

— يەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ قالىدىغان ئىش بولسا ئەمدى ھەرگىز ئۇخلىمايمەن.

شۇ چاغ قۇياش تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەندەكلا تاغ چوققىسىنى قىزىل نۇرغا چۆمدۈرۈپ كۆتۈرۈلدى.

كىچىك سەپەرداشلار يەنە قول تۇتۇشۇپ يولىنى داۋام قىلدى. تاغ ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلار چوققىغا يېقىن ئاران تەستە ئۇستىگە چىقىپ بولدى. تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە سان ـ ساناقسىز كامارلار بار ئىدى، كامارلارغا ئاچا قۇيرۇقلۇق كىچىك قۇشلار كىرىپ ـ چىقىشىپلا تۇراتتى.

كىچىككىنە مەلىكە بىلەن رېزىنكە بالىنى كۆرگەن قۇشلار



بىردىنلا ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كېلىشتى، بۇلۇتتەك توپلىنىپ، ۋىچىر - ۋىچىرلىرى بىلەن كىچىككىنە مەلىكىنىڭ كىچىككىنە قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇنى خېلىلا قورقۇتۇۋەتتى.

— بۇلار قارلىغاچلار، — دېدى رېزىنكە بالا، — بۇ تاغ باغرىدا ئۇلارنىڭ ئۇۋىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بىزنى بالىلىرىمىزنى تۇتقىلى كەلگەن كەپسىزلەر دەپ ئويلاپ قالغان چېغى.

شۇ چاغ بىر قارلىغاچ توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ باش ئۇستىگە كەلدى - دە، سورىدى:

— سىلەر نېمە قىلىدىغانلار؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟

— بىز سەپەردىكى يولۇچىلار، — دېدى رېزىنكە بالا دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بىز بۇ تاغدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدۇق.

— سىلەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ نەگە بارماقچى؟ — سورىدى قارلىغاچ يەنە.

— بىز چوڭ بىر دېڭىز بويىغا، ئاندىن دېڭىزدىكى بەخت ئارىلىغا بارماقچى. ئارالدىكى پەرىزات بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدۇق، — دېدى يۇرىكى ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن كىچىككىنە مەلىكە.

— سىلەر قارىغۇلارچە مېڭىپسىلەر، — دېدى قارلىغاچ، — جاھاندا دېڭىز دېگەن تولا، ھەممىسى ئاجايىپ چوڭ، ھەممىسىدە

سان ـ ساناقسىز ئاراللار بار، سىلەر ئاۋۋال بەخت ئارىلى زادى قايسى تەرەپتىكى قايسى دېڭىزدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭلار كېرەك ئىدى. بولمىسا مەڭگۈ مەنزىلگە يېتەلمەيسىلەر.

ــ بىراق بۇنى كىمدىن سورارمىز؟ ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە مەيۈسلۈك بىلەن.

ــ بۇ تاغدىن ئۆتكەندە بىر كۆلگە دۇچ كېلىسىلەر، ــ دېدى قارلىغاچ، ــ كۆلدىكى قېرى بېلىقنى «بىلمەيدىغىنى يوق» دەپ ئاڭلىغان، سىلەر ئۇنى تېپىپ سوراڭلار.

ــ رەھمەت، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە، ــ ئەمدى بىزگە يول بەرسەڭلار.

قارلىغاچ ئۇلارغا تاغدىن چۈشىدىغان بىر يولنى كۆرسىتىپ قويدى. كىچىككىنە مەلىكە بىلەن رېزىنكە بالا شۇ يەردىن تۆۋەنگە چۈشتى، كەچ كىردى، كىچىككىنە مەلىكە تاغ ئېتىكىدىكى يۇمران ۋە يۇمشاق چۆپلۈككە تاشلىنىپ ئارام ئالماقچى بولدى، هايالسىز قارامتۇل كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. تولۇن ئاي كۆك قەرىگە ئۆرلىدى، ئۇنىڭ چېهرى كىچىككىنە مەلىكىگە مېهرىبان بىر ئايالنىڭ يۈزىدەكلا كۆرۈندى.

ــ ئاها! خۇدا، مەن شۇ تاپ ئۇنىڭ قۇچىقىدا بولغان بولسامچۇ، ــ شىۋىرلىدى ئۇ ئىختىيارسىز.

بىردىنلا تولۇن ئاي تېخىمۇ نۇرلاندى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى داغلار

قاش ـ كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇنلارغا ئايلاندى، چېچىلىۋاتقان كۆمۈش رەڭلىك نۇرى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان كۆمۈش رەڭلىك چاچلارغا ئوخشاپ قالدى.

«كېلە قىزىم، بۇياققا كەل» دېگەندەك يېقىملىق شىۋىرلاشلار ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئۇنى پەپىلەۋاتقان كۆمۈش رەڭلىك نۇرلار بىر جۈپ قولغا ئايلاندى ـ دە، ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالغىنىچە ئاسمانغا ئۆرلىدى. ئاخىرى ئۇنى ئالتۇندەك ساپسېرىق ۋە يالتىراپ تۇرىدىغان بىر جايغا ئېلىپ چىقتى، يۇمشاقلىقىدىن بار ـ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆمۈش رەڭلىك نېپىز شايى كۆرپىچە سېلىنغان كۆمۈش بۆشۈككە بۆلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كىچىك كۆمۈش قوڭغۇراقلارنىڭ يېقىملىق جىرىڭلاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا ئېسىلىپ تۇرۇشقان كۆمۈش رەڭلىك نۇرلۇق يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇشۇپ شۇنداق سادا چىقارماقتا ئىدى. بۇ بىر ئارامبەخش مۇزىكىغىلا ئوخشايتتى.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا مەيىن شامال ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يەنە ئاجايىپ مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى يەتكۈزدى:

ئەللەي قوزام، ئەللەي،
ئۇخلا قوزام، ئەللەي.
ياخشى چۈشلەر بولسۇن ھەمراھ،

بۆشۈكىڭدە ئەللەي.
ئەللەي ... ئەللەي ...
ئەللەي قوزام، ئەللەي،
ئۇخلا ئومىقىم، ئەللەي.
چۈشلىرىڭدە يېتىسەن،
تىلىكىڭگە ئەللەي.
ئەللەي ... ئەللەي ...

كىچىككىنە مەلىكە شۇنداق جىرىڭ ـ جىرىڭ ئاۋازلار ۋە ناخشا ساداسى ئىچىدە ئاجايىپ شېرىن ـ تاتلىق ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى.

ئۇخلىدى، ئۇخلىدى، بىر چاغلار مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسە ئۇنىڭ ئاپپاق ۋە يۇمران كىچىككىنە قوللىرىغا تەگكەندەك بولدى، كىچىككىنە مەلىكە چۆچۈپ كېتىپ كۈمۈش بۆشۈكتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ھېلىقى ئالتۇندەك جايدا ئەمەس، بەلكى يەنىلا يۇمران يېشىل چۆپلۈكتە كۆردى. قېشىدا رېزىنكە بالا بىر خىلدا قاراپ تۇرغان، ئەمما يەنە پۈتۈن ۋۇجۇدى خىرۇستالدەك سۈپسۈزۈك ۋە جىسمىدا قىزغۇچ شەپەق نۇرى بالقىپ تۇرغان بىر مۇز بالا ھەيكىلىمۇ بار ئىدى، بويى ئۇچ غېرىچچە كېلەتتى.

ــ سىز كىم؟ ــ سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ.

ــ مۇز قونچاق، ــ دېدى ھېلىقى مۇز ھەيكەل.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە يەنە.

— ئېرىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دېدى مۇز قونچاق.

— ئۇنداق بولسا بىزگە ئەگىشىپ مېڭىڭ، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە قىزغىنلىق بىلەن، — بەخت ئارىلىنى تاپساق ئارالدىكى پەرىزات چوقۇم سىزگە ئېرىپ كەتمەسلىك ئامالىنى قىلىپ بېرىدۇ.

مۇز قونچاق خۇشاللىق بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. رېزىنكە بالا بولسا ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ يېڭى دوستىنى يا قارشى ئالىدىغىنى يا ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇلار ئۈچى بىللە ماڭدى. كۈن چۈش بولغاندا ئاخىرى ياپيېشىل ۋە نازۇك قامەتلىك قومۇشلار بىلەن چىتلانغان بىر كۆل بويىغا يەتتى. قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل يۈزىدە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلاتتى، بۇ كىچىككىنە مەلىكىگە كېچە كۆرگەن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ئەسلەتتى.

بۇ يۇلتۇزلار ئەتىگىنى مۇشۇ كۆلگە چۈشۈۋېلىپ، كەچ كىرگەندە يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىكەن ـ دە، شۇڭا كۈندۈزى ئۇلارنى ئاسماندا كۆرگىلى بولمايدىكەن، دەپ ئويلىدى، بىراق بۇ ئىدىيەنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدى.

رېزىنكە بالا قومۇشلارنى قايرىپ يول ئاچتى، كىچىككىنە

مەلىكە ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا ماڭدى. مۇز بالا ئاخىرىدا ماڭدى، ئۇلار كۆلنىڭ لېۋىگىمۇ يەتتى.

— ھېلىقى قېرى بېلىق قەيەردىدۇ؟ — دېدى كىچىككىنە مەلىكە تاقەتسىزلىك بىلەن.

— سىلەر ئۇنى نېمە قىلماقچى؟ — سورىدى ئۇلارنىڭ يېنىدىلا پاتقاقتا چۆكۈپ ياتقان بىر پاقا.

— ئۇنىڭدىن بەخت ئارىلى قايسى تەرەپتىكى قايسى دېڭىزدا ئىكەنلىكىنى سورىماقچى ئىدۇق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— ئۇ كۆل ئاستىدىكى يۇمشاق چۆپلۈكتە كۈن بويى ئۇخلاش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، — دېدى پاقا، — ھەرگىز سۇ ئۈستىگە چىقمايدۇ. سىلەر گەپ سورىماقچى بولساڭلار قېشىغا ئۆزۈڭلار بېرىشىڭلار كېرەك، بولمىسا ئۇ ھېچنېمە دەپ بەرمەيدۇ.

— بىراق مەن سۇغا كىرىشتىن قورقىمەن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— مەن سۇغا چۈشسەم لەيلەپ قالىمەن، — دېدى رېزىنكە بالا، — چۈنكى ئىچىمگە يەل توشقۇزۇۋالغان.

— مەن سۇغا كىرسەم بۇ ئىلمان سۇدا ئېرىپ قېلىشىم مۇمكىن، — دېدى مۇز قونچاق، — ئۇنىڭ جاۋابىنى سىلەرگە يەتكۈزگىچە كۆل سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىپ قالارمەنمىكىن دەيمەن.

كىچىككىنە مەلىكىنىڭ بېشى قاتتى: نېمە قىلىش كېرەك؟ بىراق مۇز قونچاق ئاخىرى يەنە پىداكارلىق بىلەن كۆل

ئاستىغا كىرىپ - چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقچى بولدى - دە، كىچىككىنە مەلىكە توسۇپ بولغىچە چولتوككىدە كۆلگە سەكرەپ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى، پاقىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ يول باشلاپ بېرىش ئۈچۈن كەينىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

— ئۇ ئېرىپ كېتەرمۇ؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئەنسىزلىك بىلەن رېزىنكە بالىدىن.

— بىلمەيمەن، بىراق ئۇنداق بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى رېزىنكە بالا.

ئۇلار كۈتتى، كۈتتى، كىچىككىنە مەلىكە مۇز قونچاقتىن ئەنسىرەپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى.

ئاخىرى مۇز قونچاق بىلەن پاقا سۇ ئاستىدىن چىقىپ كەلدى، لېكىن مۇز قونچاقنىڭ بوي - بەستى بىر غېرىچ پەسلەپ، كىچىكلەپ قالغان ئىدى.

كىچىككىنە مەلىكە خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— ئۇ دېڭىزنى بەك يىراق، بەك يىراقتا، بەخت ئارىلىمۇ بەك يىراق، بەك يىراقتا، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن غەربكىمۇ، شەرقكىمۇ مېڭىشقا بولمايدۇ، جەنۇبقىمۇ، شىمالغىمۇ مېڭىشقا بولمايدۇ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋەرسۇن، ھامان بىر كۈنى تاپىدۇ، توختىماي مېڭىۋەرسۇن، چوڭ دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى مارجان ئارال بەخت ئارىلى شۇ دەيدۇ، — دېدى

مۇز قونچاق.

— نېمىدېگەن بىمەنىلىك، — دېدى رېزىنكە بالا.

— بىز نېملا بولسۇن ئالدىمىزغا مېڭىۋېرەيلى، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— كۆلدىن قانداق ئۆتىمىز، — دېدى مۇز قونچاق، — ئەمدى يەنە سۇغا كىرسەم تۇگىشىپلا كېتىمەن.

— ئايلىنىپ ئۆتەيلى، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— كۆل بەك چوڭ، ھەم ئۇزۇنچاق، — دېدى پاقا، — بىر تەرىپى ئېگىز تاغ، بىر تەرىپى قۇملۇق، ئايلىنىپ ئۆتمىكىڭلار مۇمكىن بولماسمىكىن.

— باشقا يەنە نېمە ئامال بار؟ — سورىدى مۇز قونچاق.

— كۆل ياقىلاپ يۇرسەڭلار، — دېدى پاقا، — قويۇق ئۆسكەن كەڭ قومۇشزارلىقتا بارسىلەر، ئۇ يەردە بىرقانچە ياۋا غاز ماكانلاشقان، بەلكىم ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلىپ قالار.

كىچىك سەپەرداشلار پاقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى. ئەگرى - بۇگرى كۆل بويىنى ياقىلاپ يۇرۇپ ئاخىرى ياۋا غازلارنىڭ ماكانىغا يەتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى قومۇشلۇقتا تۇخۇم بېسىپ ياتقان، بەزىلىرى كۆلدە ئۇزۇپ ئويناپ يۇرگەن ئىدى.

قاراۋۇل غاز قاتتىق غاقىلداپ كەتتى. بىردىنلا ھەممە غازلار سەگەكلىشىپ، ئۇچۇپ كېتىشكە تەييارلاندى.

— توختاڭلار، توختاڭلار، — توۋلىدى كىچىككىنە مەلىكە

ئالدىراپ، — بىز سىلەرگە خەۋپ يەتكۈزمەيمىز.

غازلار ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن سەل تىنچلىنىشتى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چېقىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى.

ئارىدىن باشلامچى ياۋا غاز كېلىپ سورىدى:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— سىلەردىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدۇق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بىز كۆلدىن ئۆتمەكچى ئىدۇق، ئۆتۈۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلغان بولساڭلار.

— بولىدۇ، — دېدى ياۋا غاز، — بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، لېكىن يەنە كېيىن بىزنى ئاۋارە قىلغۇچى بولماڭلار.

— ئەلۋەتتە، قايتا ئاۋارە قىلمايمىز، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

شۇنىڭدىن كېيىن باشلامچى ياۋا غاز يەنە ئىككى ياۋا غازنى چاقىرىپ، ئۇچى ئۇچەيلەننى ئۇستىگە مىندۇردى، ئاندىن سىلىققىنە ئۈزۈپ كەتتى.

كىچىككىنە مەلىكە سۇغا سېيرىلىپ چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ دەككە - دۈككىدىلا قالدى. بىراق ياۋا غازلار تېزلا ئۇلارنى قارشى قىرغاققا تىنچ - ئامان يەتكۈزۈپ كېلىشتى - دە، قايتىشتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە قىرغاققا چىققاندىن كېيىنلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ.

ئۇلار ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز قاردەك ئاق، ئۇزۇن قۇلاق، يېرىق كالپۇك، قىزىل كۆزلۈك بىر كىچىك مەخلۇق قومۇشلۇقتىن سەكرەپ چىقىپ كىچىككىنە مەلىكىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— كىمسەن؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە دەرھال رېزىنكە بالىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ.

— دىكى ـ دىكى ئاق توشقان، — دېدى ھېلىقى كىچىك مەخلۇق، — مەندىن قورقماڭ. مەن ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمەيمەن، ئەكسىچە ئۇچرىغانلا مەخلۇق مېنى تۇتۇپ يەۋېتىشنىلا ئويلايدۇ، ئاتا ـ ئانامنىڭمۇ تېخى يېقىندىلا يىرتقۇچلار تۇتۇپ يەپ كېتىشتى. سىلەر كىم؟ قەيەرگە ماڭدىڭلار؟

— مەن كىچىككىنە مەلىكە، ئۇ رېزىنكە بالا، بۇ مۇز قونچاق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە ئەمدى قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بىز بەخت ئارىلىدىكى پەرىزاتنى تېپىپ، ئارزۇيىمىزنى ئېشقا ئاشۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغىلى ماڭدۇق.

— مېنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭلارچۇ، — دېدى ئاق توشقان دەرھال — مەن يىرتقۇچلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، پەرىزاتنى تاپساق مېنىمۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ ئاق بۆجەن ئۇلارغا قوشۇلدى، تۆتەيلەن قول

تۈتۈشۈپ يولىغا راۋان بولدى. كۆلنىڭ بۇ تەرىپى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىر جاي ئىدى، ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىدىن كىچىككىنە بىر چىغىر يول ھاسىل بولۇپ، ئۇزۇن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ باردى.

كەچ كىردى، كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق بۆجەنگە ھارغىنلىق يەتتى، قالغان ئىككىيلەن مەڭگۈ چارچىمايدىغانلاردىن ئىدى. بىراق ئۇلار كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق بۆجەن ئۈچۈن توختاپ ئارام ئېلىشقا بىردەك قوشۇلدى.

كىچىككىنە مەلىكە ئۆزىنى يۇمشاق چۆپلۈككە تاشلاپ، سەلكىن شامالنىڭ ئەللەيلىشىدە كۆزى تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي كىمدۇ بىرى قاتتىق قىسىپ قاماللاپ كۆتۈرۈۋالدى - دە، ئويغىنىۋەتتى.

— ئاھ خۇدا، ئۇ نېمە؟ قۇتقۇزۇڭلار، — توۋلىۋەتتى كىچىككىنە مەلىكە.

— مۇشۇكيىپلاق، — توۋلاپ كەتتى ئاق بۆجەن، — ئۇنى قويۇۋەت، ئۇنى قويۇۋەت، ئۇ دېگەن كىچىككىنە مەلىكە، چاشقان ئەمەس.

يوغان كۆزلىرى چىراغدەك يېنىپ تۇرىدىغان، ئىلمەك تۇمشۇق، يۈزى مۈشۈككىلا ئوخشايدىغان، ئەمما پەر - قاناتلىرى قاردەك ئاق چىرايلىققىنە بىر مۇشۇكيىپلاق كۆكتىن چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان كىچىككىنە مەلىكىنى قامالاپ كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىدى.

بىراق رىزىنكە بالا دەرھال كىچىككىنە مەلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسلىشۋالدى ـ دە، ئۇمۇ تەڭلا كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇنىڭ پۇتىغا مۇز قونچاق، ئۇنىڭ پۇتىغا ئاق بۆجەن ئىسلىشۋالدى ـ دە، ئەمدى مۇشۇكياپىلاق كۆتۈرۈپ ئۇچۇشقا مادارى يەتمەي يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى، پەقەت كىچىككىنە مەلىكە قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىدى.

ــ سەن نېمىشقا مۇنداق ئەسكىلىك قىلىسەن؟ ــ تۈۋلاپ كەتتى ئاق بۆجەن.

ــ ئۇ بەك چىرايلىق قونچاق ئىكەن، ــ دېدى مۇشۇكياپىلاق، ــ ئەكېتىپ دەرەخ كاۋىكىدىكى يېڭى ئۇۋامغا زىننەت بۇيۇمى قىلاي دېگەنىدىم.

ــ قارىغۇ، ــ دېدى ئاق بۆجەن، ــ ئۇ قونچاق ئەمەس، بەلكى بىر كىچىككىنە ئادەمچاق، كىچىككىنە مەلىكە.

ــ بىلمەپتىمەن، ــ دېدى مۇشۇكياپىلاق، ــ ئەپۇ سوراي، چۈنكى ئادەملەر ئادەتتە ئۇنداق كىچىك بولمايدىغان، ئۇ بىر قونچاققىلا ئوخشايدىكەن، خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭلار.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى يۈرىكى ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن كىچىككىنە مەلىكە، ــ قورقۇپ كەتكىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەن ھېچنېمە بولمىدىم.

ــ سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ــ سورىدى

مۇشۇكياپىلاق.

— ئارام ئېلىۋاتقاندۇق، — دېدى ئاق بۆجەن، — سەن ئارامىمىزنى بۇزدۇڭ.

— ئەپۇ قىلىڭلار، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — بەكلا خىجىلمەن، سەۋەنلىكىمنى تۈزىتىش ئۈچۈن سىلەرگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي.

— ھاجىتى يوق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بىز بەخت ئارىلىغا كېتىۋاتقان، ئۇ يەردىكى پەرىزاتتا خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر بارمىش، ئۇ ئالدىغا بارغانلارنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ قويارمىش، سىز ئۇ ئارالنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز، قاناتلىقلارنىڭ بارمايدىغان يېرى يوق، بەلكىم شۇ ئارالغىمۇ بېرىپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

— بېرىپ باقمىغان، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — مەن تېخى ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولمىدى، يېقىن ماكان ئىزدەش بىلەنلا بولۇپ، يىراق جايلارغا بېرىپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە چاشقان كۆپ، ئۇلار كېچىسى چىقىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن. بىراق ئۇلار كۆپ، بەزىدە كېچىسى چىقماي كۈندۈزى چىقىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇۋالغاچ مەن ئۇلارنى يوقىتىپ بولالمىدىم، شۇڭا بۇ يەردىن ئايرىلىپ يىراققا بېرىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان. لېكىن، سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ بىرگە بارسام دەيمەن، قوشۇلامسىلەر؟

— سىنىڭ ھېچنېمىدىن غېمىڭ بولمىسا نېمىشقا بىز بىلەن

ماڭماقچى بولۇپ قالدىڭ؟ — سورىدى ئاق بۆجەن.

— مەن كىچىسى ياخشى كۆرگەن بىلەن كۈندۈزى ياخشى كۆرەلمەيمەن، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — شۇڭا كۈندۈزى ھەرىكەت قىلماي دەرەخ كاۋىكىدا ئۇخلاپ ۋاقىت ئۆتكۈزىمەن، چاشقانلار بولسا بۇ پۇرسەتتە قۇتراپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن ئۆخشىغان زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلىدۇ. مەنمۇ بەخت ئارىلىغا بېرىپ پەرىزاتتىن مېنى كۈندۈزىمۇ ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلايمىكىن دەيمەن.

— بوپتۇ بىزگە قوشۇلغىن، — دېدى، كىچىك سەپەرداشلار بىردەك.

ئاندىن ئۇلار يولىنى داۋام قىلماقچى بولدى، بىراق مۇشۇكياپىلاق توختىتىۋېلىپ سورىدى:

— ماڭغان يولىمىز توغرىمۇ؟

— بىلمىدۇق، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بىراق توختىماي ئالغا باسساق ھامان بىر كۈنى مەنزىلگە يېتىدىغىنىمىزغا ئىشىنىمىز.

— بۇنداق قارىغۇلارچە كېتىۋەرمەيلى، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — مەسلىھەتىم، يېقىن ئارىدا بىر تاغ بار، تاغدىكى غاردا بىر پېرىخون بارمىش، بىلمەيدىغان ئىشى يوقمىش، بىز بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ باقايلى. توغرا يول كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى باشقىلار بىردەك قوشۇلۇپ.

مۇشۇكياپىلاق پەس ۋە ئاستا ئۆچۈپ ئۇلارنى باشلىدى، قالغانلار ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار خېلى مېڭىپ بىر چاتقاللىققا دۇچ كەلدى، بۇ يەردىن ئۆتكىچە كىچىككىنە مەلىكىنى چاتقاللار چىرمىۋېلىپ ماڭغىلى قويمىدى.

— ئۇنى قويۇۋېتىش، — توۋلىدى ئاق بۆجەن ھەيۋە بىلەن، — بولمىسا سىلەرنى غاجىلىۋېتىمەن.

چاتقاللار ئۇنىڭدىن قورققاندەك دەرھال قويۇۋەتتى.

— بۇ يەردىكى چاتقاللارنىڭمۇ جېنى بارمۇ نېمە؟ — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— ئېھتىيات قىلايلى، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — بۇ يەردە غەلىتە نەرسىلەر تولا.

ئۇلار چاتقاللىقتىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىشتى. لېكىن بىر چوڭقۇر ھاڭ يولىنى توستى. مۇشۇكياپىلاق ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ ھاڭدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز ھاڭدىن دەھشەتلىك بىر سادا كەلدى:

— توختاش، سىلەر نەگە بارماقچى؟ مەقسىتىڭلارنى ئېيتماي تۇرۇپ ئۆتۈشنى خىيال قىلىشما، بولمىسا ھەممىڭنى دەم تارتىپ كېتىمەن.

رېزىنكە بالا بىلەن مۇز قونچاق پىسەنت قىلماي تۇرۇۋەردى، لېكىن كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق بۆجەن قورقۇپ كېتىپ ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشتى.

— بىز پېرىخوننى ئىزدەپ ماڭغانىدۇق، — دېدى مۇشۇكياپىلاق جاۋاب بېرىپ، — بىز ئۇنىڭدىن بەخت ئارىلىغا قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىماقچى ئىدۇق.

— هاماقەتلەر، پېرىخوندىن پەقەت يوللا سورىماقچىمۇ، بوپتۇ، بىراق ئاراڭلاردىن بىرىڭلار ماڭا يەم بولۇشۇڭلار كېرەك، بولمىسا سىلەرنى ئۆتكۈزمەيمەن، — دېگەن سادا كەلدى هاڭدىن.

كىچىك سەپەرداشلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىمىپلا قېلىشتى، ئاخىرى كىچىككىنە مەلىكە ئېغىز ئاچتى:

— بولدىلا، قايتىپ كېتەيلىچۇ، بەلكىم باشقا يول تېپىلار.

— كەلگەنكەنسىلەر قايتىشقا رۇخسەت يوق، — دېگەن سادا كەلدى هاڭدىن، — بىرىڭلارنىڭ ماڭا يەم بولماي ئامالىڭلار يوق.

كۆپچىلىك نېمە قىلارىنى بىلمەي جىمىپ قېلىشتى. ئاخىرى مۇز قونچاق ئېغىز ئاچتى:

— بولدىلا، هاڭغا مەنلا سەكرەي، بەرىبىر هاۋا سەللا ئىسسىپ قالسا ئېرىپ تۈگىشىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە سىلەر ئۈچۈن قۇربان بولسام ئەهمىيەتلىك بولىدۇ.

— ياق، مەن سەكرەي، — دېدى رېزىنكە بالا، — مەن رېزىنكە بولغاندىكىن هاڭغا سەكرىسەممۇ هېچنېمە بولمايمەن.

— ياق، مەن سەكرەي، — دېدى ئاق توشقان، — مەن ئۇزاق سەپەرگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىم ياكى يولدا يىرتقۇچلارغا يولۇقۇپ يەم بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىلەر ئۈچۈن قۇربان بولغىنىم ياخشى.

— ياق، ياق، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — سىلەرنى بۇ بالاغا دۇچار قىلغان مەن. شۇڭا مەنلا سەكرەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاناتلىق بولغاندىن كېيىن ھاڭنىڭ ئاستىغا ساق چۈشۈپ يەنە سالامەت يېنىپ چىقالىشىممۇ مۇمكىن.

— ياق، مەن سەكرەي، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — مەن سىلەرنى بەخت ئارىلىنى ئىزدەش سەپىرىگە باشلىغان. بۇ خەتەرگە مېنىڭ كاساپىتىم بىلەن يولۇقتۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشىڭلارغا چىدىمايمەن، ھەم ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئاجىز، ئەڭ يارامسىزراقى مەن. سەپەر ئۈستىدە باشقا خەتەرگە يولۇقۇپ ھاياتىمدىن ئايرىلىشىممۇ مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆپچىلىك ئۈچۈن ھازىر قۇربان بولغىنىم تۈزۈك.

ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ بىر - بىرىگە يول قويۇشمىدى، كېلىشەلمەي ئاخىرى ھاڭغا قاراپ خىتاب قىلدى:

— سەن ئارىمىزدىن بىرىمىزنى ئۆزۈڭ تاللىۋالغىن.

بىراق ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى تاللىشىنى، ئۆزىنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق بولۇشىنى تىلەيتتى.

— مەن كىچىككىنە مەلىكىنى تاللىدىم، — سادا كەپتۇ ھاڭدىن.

كىچىككىنە مەلىكە دەرھال رازىمەنلىك بىلەن ھاڭغا سەكرەشكە ماڭدى. بىراق دەرھال رېزىنكە بالا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزى بارماقچى بولدى، لېكىن مۇز قونچاق ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى. مۇشۇكياپىلاق ئۇنىڭغا ئېسىلدى، ئاق بۆجەن

مۆشۆكىياپىلاقنى تۇتۇۋالدى، ئۇلار يەنە قۇربانلىق بولۇشنى تالىشىپ تارتىشماققا چۈشتى.

ھاڭدىن ئەمدى مۇلايىم بىر ئاۋاز كەلدى:

— بولدى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ نەقەدەر ئىچىل - ئىناق ۋە مەردانە ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىم. سىلەردىن ماڭا قۇربانلىق كېرەك ئەمەس، مەن ئېسىل خىسلىتىڭلاردىن ناھايىتى رازى، ئەمدى مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، ھەم يەر يۈزىدە سىلەر دۇچ كېلىدىغان قوۋم - قېرىنداشلىرىمغا سىلەرگە ھەمدەم بولۇشنى جېكىلەيمەن، سەپىرىڭلاردا خەتەرگە يولۇقساڭلار ئۇچرىغان ھاڭ - جىلغىلار، ئازگال - ئورەكلەر سىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، سەپىرىڭلار خەيرلىك بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھاڭدىن بىر شامال چىقىپ كىچىك سەپەرداشلارنى ئۇچۇرۇپ ھاڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇلار ھاڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يولىغا راۋان بولدى.

بۇ تەرەپ بۆك - باراقسان ئاينىغان، ئاجايىپ - غارايىپ دەرەخزارلىق بولۇپ، ئارىسىدىن ئۆتمەك مۈشكۈل ئىدى، ئۇلار مەھكەم قول تۇتۇشۇپ مىڭ مۇشەققەتتە ئىلگىرىلىدى.

كىچىككىنە مەلىكە ئاجايىپ يوغان كانايسىمان بىر گۈلنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ سەل توختاپ قېلىۋىدى، شۇ ھامان گۈل سوزۇلۇپ كېلىپلا كاپ قىلىپ ئۇنى يۇتۇۋېلىپ، گۈل بەرگلىرى ئىچىگە چۈمكىۋالدى.

— قۇتقۇزۇڭلار، — توۋلىدى كىچىككىنە مەلىكە گۈل

چىنىسى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ تېپىرلاپ.

ئاق بوجەن دەرھال بىرىپ گۈلنىڭ ساپىقىنى غاجىلاشقا باشلىدى، ئاخىرى ئۈزۈۋەتتى، كۆپچىلىك شۇ چاغدىلا گۈل بەرگىلىرىنى ئاران تەستە قايرىپ ئىچىپ كىچىككىنە مەلىكىنى چىقىرىۋالدى.

بىراق ئۇزاق ئۆتمەي بىر دەرەخ ئۈستىدىن بىر تال يوپيوملاق ۋە ئالتۇن رەڭ سىرىق مېۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈككىدە چۈشتى ـ دە «گۇم!» قىلىپلا پارتلىدى، قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكىنىنى دېمىگەندە ھېچكىمگە زەخمەت يەتكۈزمىدى.

ــ تېزرەك ماڭايلى، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە بەكمۇ قورقۇپ كەتكىنى ئۈچۈن.

كىچىك سەپەرداشلار قەدەمنى تېزلەتتى، كېتىۋېتىپ ياپيېشىل پېلەكلەر ئارىسىدا پارقىراپ تۇرغان، يوپيوملاق ۋە يوغان بىر تاۋۇزنى كۆردى.

ــ ۋاھ، ــ دېدى ئاق بوجەن خۇشال بولۇپ، ــ تازا تويۇپ بىر تاۋۇز يېۋالىدىغان بولدۇق.

ئۇ تاقلاپ ـ تاقلاپ بارغانچە تاۋۇزنى غاجىلاشقا باشلىدى، بىراق ئويلىمىغان يەردىن تاۋۇز تېشىلىپلا ئىچىدىن غۇڭۇلدىشىپ سان ـ ساناقسىز يېشىل ھەرىلەر ئۇچۇپ چىقىشقا باشلىدى ـ دە، ئاق بوجەنگە ھۇجۇم باشلىدى.

ــ ۋاي قۇتقۇزۇڭلار، ــ توۋلىۋەتتى ئاق بوجەن ئۇلاردىن قېچىپ بولالماي.

ھەربىلەر ئەمدى باشقىلارغىمۇ چاڭ سالدى. ئەمما مۇشۇكياپىلاق چاققانلىق بىلەن ئاق بۆجەننى بىر پۇتىدا، كىچىككىنە مەلىكىنى بىر پۇتىدا كۆتۈرۈپلا قاچتى، ھەربىلەر قېپقالغان رېزىنكە بالا بىلەن مۇز قونچاققا يېپىشتى، لېكىن ئۇلارنى چاقالمىدى، ئەكسىچە بىرمۇنچىسى ئۇلارنىڭ شاپىلىقى بىلەن ئۆلۈپ، قالغانلىرى يەنە تاۋۇزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

رېزىنكە بالا مۇز قونچاق يولىنى داۋام قىلىپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ھەمراھلىرىغا يېتىشىۋالدى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ ئەمدى تۇخۇمدەك ـ تۇخۇمدەك غۇنچىلىغان گۈللەرگە دۇچ كەلدى. ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز غۇنچىلار ۋاق ـ ۋاق ... قىلىپ يېرىلىشتى ـ دە، ئىچىدىن گۈل رەڭلىك تۇتەكلەر پۇرقۇلۇپ چىقتى، ھايالسىزلا يەر يۈزىنى بىر قەۋەت گۈل رەڭلىك تۇتەك ـ تۇمان قاپلىدى. كىچىككىنە مەلىكە، مۇشۇكياپىلاق ۋە ئاق بۆجەنلەر تۇتەك ـ تۇمان تەسىرىدە مەست بولۇپ يىقىلىشتى، يەر يۈزىنى بېغىرلاپ ئۆسكەن پىلەككە ئوخشاش غەلىتە ئۆسۈملۈكلەر دەرھال ئۇلارنى چىرمىۋالدى. تۇتەك ـ تۇمان تەسىر قىلمىغان رېزىنكە بالا بىلەن مۇز قونچاق ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئورۇندىيۇ لېكىن ئامال قىلالمىدى.

بېشى قاتقان مۇز قونچاق تىت ـ تىت بولۇپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇڭغا ماڭدى، سولغا ماڭدى، ئاخىرى بىر ئازگالغا دۇچ كېلىپ توختىتى ـ دە، ھاڭدىن چىققان سادا ئېسىگە كېلىپ ئازگالغا قاراپ توۋلىدى:

— بىزگە ياردەم قىل.
— يېقىن ئەتراپتا بىر توپ يەلپۈگۈچ ياپراقلىق دەرەخ بار، شۇنىڭ ياپرىقىدىن ئەكىلىپ يەلپۈگلار، — دېگەن ئاۋاز كەلدى ئازگالدىن.
مۇز قونچاق دەرھال رېزىنكە بالا بىلەن يەلپۈگۈچ يوپۇرماق ئۈزۈپ كەلدى ـ دە، يەلپۈشكە باشلىدى.
يەلپۈدى، يەلپۈدى، ئاخىرى تۆتەك ـ تۇمانلار تاراپ كېتىپ مەست بولۇپ يىقىلغانلار ئەسلىگە كەلدى. ئۇلارنى چىرمىۋالغان پىلەكلەرمۇ بوشىشىپ كېتىشتى. تېزلا ئېگىز بىر تاغ باغرىغا يېتىشتى.
— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — ئەمدى تاغ ئۈستىگە چىقايلى.
ئۇلار تاغ ئۈستىگە ئۆرلىدى، مۇشۇكياپىلاقنىڭ ياردىمىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاغ ئۈستىگىمۇ چىقىشتى. لېكىن غار ئاغزىدا تور تارتىپ ئېسىلىپ تۇرۇشقان قورقۇنچلۇق ئۆمۈچۈكلەرنى كۆرگەندە كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق بۆجەن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ دەرھال كەينىگە قېچىشتى، تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قېلىشتى.
ئۇنىڭغىچە غاردىن بىر قۇيۇن چىقتى، ھەممىسىنى يۆگەپلا ئۇچۇرۇپ غارغا ئەكىرىپ تاشلىدى.
پېرىخون يەنىلا ئىسكىلىتلاردىن ياسالغان تەخت يىلان ـ چايانلاردىن ئۆرۈلگەن گۈلچەمبىرەكنى كىيىپ، ئەپتىدىن

دەھشەت ياغدۇرۇپ ئۇلتۇراتتى. شامدان ئورنىدا تىكلەپ قويۇلغان ئىسكىلىتلارنىڭ بېشىدا پىلىك ئورنىدا چاچلار يېشىل يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈپ تۇرغان، تاملاردا تۇپتەك يوغان ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، ئېسىلىپ تۇرۇشقان ئىدى، يەردە بولسا مۈشۈكتەك ـ مۈشۈكتەك چاشقانلار قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى. پۈتۈن غار ئىچىدە يېشىل نۇر چاقناپ، يېشىل كۆلەڭگىلەر ئەگىپ تۇراتتى.

كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق بۆجەن غاردىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئىچىدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قېلىشقا تاسلا قېلىشتى.

ــ بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىشتىڭ؟ ــ سوئال ـ سوراق قىلدى پېرىخون خىرىلداپ قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەن.

ــ بەخت ئارىلىغا بارىدىغان يولنى سوراپ كېلىۋىدۇق، ــ جاۋاب بەردى ھېچقاچان قورقۇش دېگەننى بىلمەيدىغان رېزىنكە بالا، باشقىلار بولسا ئۈن ـ تىنسىز، ھەتتا بەكرەك تىنىشقىمۇ ئەيمىنىپ تۇرۇشاتتى.

ــ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلماقچى، ــ سورىدى پېرىخون يەنە.

ــ مەن ھەقىقىي ئادەمدەك روھقا ئىگە بولماقچى ئىدىم، ــ دېدى رېزىنكە بالا.

ــ مەن ئېرىپ كەتمەسلىك دورىسىنى سورىماقچى ئىدىم، ــ دېدى مۇز قونچاق.

ــ مەن كۈندۈزى ياخشى كۆرمەسلىك كېسىلىمنى

داۋالاتماقچى، — دېدى مۇشۇكياپىلاق.
— مەن يىرتقۇچلارغا تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى سورىماقچى ئىدىم، — دېدى ئاق بۆجەن تارتىنىپقىنە.
— مەن چوڭ ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ دورىسىنى سورىماقچى ئىدىم، — دېدى كىچىككىنە مەلىكمۇ ئاخىرىدا قورقۇمسىراپ.
— هاماقەتلەر، — دېدى پىرىخون، — سىلەر ئارزۇيۇڭلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى كىمدىن ئىلتىماس قىلىشنى بىلمەيسىلەر. خەير، شۇنداقتىمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈمچان، ئېجىل - ئىناقلىقىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ، يول كۆرسىتەي، بىراق هاماقەتلىكىڭلارنى جازالاش ئۈچۈن شەرت قويىمەن، شەرتىمنى ئورۇندىغان ۋاقتىڭلاردا ئاندىن سىلەرگە يول كۆرسىتىمەن.
— شەرتىڭىزنى ئورۇنداشقا تىرىشىمىز، — دېدى كىچىك سەپەرداشلار بىردەك، — قېنى ئېيتىڭ.
— هەر بىرىڭلار ئۆز ئالدىڭلارغا دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئىزدەپ تېپىشقا بارىسىلەر، — دېدى پىرىخون، — ئەگەر تېپىپ كېلەلىسەڭلار سىلەرگە توغرا يول كۆرسىتىمەن.
كىچىك سەپەرداشلار بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشتى:
— شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق.
پىرىخون مەمنۇنلۇق بىلەن كىچىككىنە مەلىكىگە:
— بۇياققا كەل، — دېدى ئىشارەت قىلىپ، — سەن بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاجىزراقى ئىكەنسەن، ساڭا بىر جۈپ قانات بېرەي،

سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

ئاندىن ئۇ چاشقانلارغا ئىشارەت قىلدى، چاشقانلار دەرھال قاردەك ئاق ۋە يوغان بىر جۈپ كېپىنەك قانىتى ئېلىپ كەلدى. پېرىخون قولىدىكى يىلان باشلىق ھاسا بىلەن نوقۇغان ئىدى، ئالتۇن رەڭلىك نۇر چاقناپ قاناتلار كىچىككىنە مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە بېرىپ بېكىلىپلا قالدى.

بىر ئۈنىڭغىلا ئاتاپ قويغاندەك بەكلا ماس كەلدى.

— رەھمەت، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە تېز چۆكۈپ.

— ئەمدى سەن يېقىن كەل، — دېدى پېرىخون، — ئاق بۆجەنگە، — ساڭا ئۆزۈڭنى قوغداش ئۈچۈن بىر كالتەك بېرىمەن، سەپىرىڭ بىخەتەر بولىدۇ.

چاشقانلار دەرھال بىر تەرىپى توم، بىر تەرىپى ئىنچىكە، ئاق بۆجەننىڭ ئىشلىتىشىگە بەكلا ماس كەلگۈدەك بىر كالتەك ئېلىپ كەلدى.

ئاندىن رېزىنكە بالىغا، مۈشۈكياپىلاققا دېدى:

— يېقىنراق كەل، ساڭا بىر كۆزەينەك بېرەي، كۈندۈزىمۇ ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرىدىغان بولىسەن.

ئاندىن رېزىنكە بالىغا دېدى:

— ساڭا بىر تال مېدالىيون بېرىمەن، ساڭا تىلتۇمار بولىدۇ، سەپىرىڭ قۇتلۇق بولىدۇ.

چاشقانلار دەرھال مۈشۈكياپىلاققا بىر تال كۆزەينەك، مۇز قونچاققا ئۆزىگە تۇشلۇق بىر كۈنلۈك ۋە رېزىنكە بالىغا ئىنچىكە

ئالتۇن زەنجىر ئۆتكۈزۈلگەن قىپقىزىل ياقۇت مىدالىيون ئەكىلىپ بەردى. كىچىك سەپەرداشلار ئۆزلىرى ئىرىشكەن سوۋغاتلاردىن قانائەتلەنگەن ۋە خۇشال بولغان ھالدا پىرىخونغا تەشەككۈر ئېيتىپ يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىشتى.

— ئېسىڭلاردا بولسۇن، — دېدى پىرىخون جېكىلەپ، — ئېلىپ كەلگىنىڭلار چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىدە مېنى قايىل قىلىشى كېرەك، قايسىڭلار مېنى رازى قىلالمىساڭلار شۇنى دەرھال ئوتقا تاشلايمەن.

كىچىك سەپەرداشلارنى يەنە بىر قۇيۇن كېلىپ غاردىن ئۇچۇرۇپ ئېلىپ چىقتى ـ دە، ئاندىن بۆلۈنۈپ ھەر بىرىنى بىر تەرەپكە ئاپىرىپ تاشلىدى. ھەر بىرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە: «سىلەر پەقەت ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كەلگەندىلا ئاندىن يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ، قايتا دىدارلىشالايسىلەر» دېگەن ئاۋاز جاراڭلىدى.

— بىز چوقۇم يەنە جەم بولىمىز، — دېيىشتى ھەممىسى بىردەك ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ.

## 1. كىچىككىنە مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرى

كىچىككىنە مەلىكە چەت ـ ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭرى بىر دالىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغىنىنى ۋە ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى

بىلمىدى ـ دە، بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئويلاشقا باشلىدى: ـ ئەمدى نېمە قىلىمەن؟ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمىدۇ؟ ئۇنى قەيەردىن تاپسام بولار؟ ...

تۇگىمەس ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى چىرمىۋالدى، كۆز ئالدىدا بىر تال سوئال بەلگىسى پەيدا بولۇۋېلىپ، زادىلا يوقىمىدى، بىراق كىچىككىنە مەلىكە ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى، ئۇ بىلمەيدىغان نەرسە ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ھەتتا ئادەتتىكى بالىلار بىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۇ بىلمەيتتى، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى.

ئۇ ئاخىرى كۆز ئالدىدا بىر پەيدا بولغانچە يوقىماي تۇرۇۋاتقان ھېلىقى نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ بولسا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى. قاناتلىرىنى تۈنجى قېتىم لىپ ـ لىپ قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇچۇپ كەتتى. ئۇچتى، ئۇچتى، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن دالىنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئېگىز بىر تاغ باغرىغا يەتتى. تاغ كەينىدىن ۋالىلداپ نۇر چاقنايتتى.

كىچىككىنە مەلىكە قىزىقىش ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ، ئۇچۇپ تاغ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، تۆۋەنگە نەزەر تاشلىدى: ۋاھ، بۇلار نېمىدۇ، يۇلتۇزدەك، بەلكى يۇلتۇزلاردىنمۇ بەكرەك چاقنايتتى، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، رەڭگى خىلمۇخىل ۋە سۈپسۈزۈك ئىدى، بۇ قانداق نەرسىلەر بولدى، زادى؟

ئۇ بىر چاغلاردا قەيەرلەردىدۇر مۇشۇنداق نەرسىلەرنى، بىراق

بۇنداق ئېسىللىرىنى ئەمەس بەلكى ئادەتتىكىلىرىنى بولسىمۇ كۆرگىنىنى ئەسلىدى، ھەئە؟ ئەسلىدە ئۇ بۇرۇن خانىشنىڭ ئالتۇن تاجىدا قۇلاق ـ بويۇنلىرىدا، بىلەك ـ بارماقلىرىدا كۆرگەن ئىدىغۇ.

بۇ يەر ئەسلىدە تېخى ئىنسانلارغا مەلۇم بولمىغان گۆھەر خەزىنىسى بولۇپ، بۇ يەردە يەر يۈزىدىكى ئەڭ كاتتا شاھلارنىڭ خەزىنىسىدىمۇ، خانىشلارنىڭ تاجلىرىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېسىل لەئلى ـ ياقۇتلار، ئالماس نىرە بەرچەدلەر، ئۈنچە ـ مارجان، زۇمرەت ۋە مەرۋايىتلار سايىنىڭ تېشىدەك چېچىلىپ ياتاتتى.

كىچىككىنە مەلىكە بۇلاردىن ئەڭ چىرايلىقىنى تاللىماقچى بولدى، تاللىدى، تاللىدى، ئاخىرى بىر تال تاللىدى. بىر تالدىن ئوشۇقىنىمۇ ئۇ كۆتۈرەلمەيتتى، بىراق ئۇ جاھاندىكى ئەڭ قىممەت باھالىق، ئەڭ ئېسىل گۆھەرنى تاللىغان ئىدى.

كىچىككىنە مەلىكە رازىمەنلىك بىلەن ئۈچۈپ كەتتى، بىراق ئۇ چىرايلىقلىقى ۋە كىچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرۇۋەتكىدەك نۇرلۇقلىقىنى دەپلا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغىنى ئۈچۈن پېرىخونغا ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تاپتا بۇ گۆھەر چىرايلىق بىر تاشلا ئىدى، خالاس.

ئۇ ئۇچتى، ئۇچتى. گۆھەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھالسىراپ بىر جايغا قونۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى، قورساقلىرى ئاچتى،

ئۇسسىدى، لېكىن توختىغان يەردىن نە بىر بۇردا نان، نە بىر تامچە سۇ تېپىلمايتتى. بۇ يەر تاپتاقىر جەزىرە ئىدى.

«بۇنى تاشلىنىۋېتەيمۇ ـ يا، ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەسلىھەت سوراپ، ــ ياق، بەلكىم ئەسقېتىپمۇ قالار، ھېچ بولمىغاندا قاراڭغۇ كېچىلەردە چىراغ ئورنىدا ئىشلىتەرمەن.»

ئۇ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە غەيرەت قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى، ئاخىرى بىر كۆكلەمزارغا يېتىپ توختىدى، بۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىب دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بۈك ـ باراقسان ئايىنىپ، غۇچچىدە مېۋىلەپ كەتكەن ئىدى.

قورسىقى ئېچىپ، ھەم ئۇسساپ بولالمىغان كىچىككىنە مەلىكە ئالدىراپ ـ تېنەپ گۆھەرنى تاشلاپ، دەرەختىن كۆپكۈك بىر تال مېۋىنى ئۈزۈۋالدى ـ دە، بىر چىشلىدى.

ۋاھ، نېمىدېگەن قىرتاق، ئاچچىق ـ ھە؟ ئۇنى يېگىلى بولمىغۇدەك، ئارقىدىن ئۇ يەنە بىر دەرەختىن سەل قىزارغان بىر تال مېۋىنى ئۈزۈۋالدى ـ دە، ئۇنىمۇ بىرلا چىشلىدى، ھايالسىزلا باشلىرى قېيىپ، كۆڭلى ئايىنىپ ھۇ قىلدى ـ دە، يۇمشاق چۆپلۈككە پوككىدە چۈشۈپلا ھوشىدىن كەتتى.

ئاھ! بىچارە، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم بىر ۋاقىتلار ئۇ ئاغزىدا شېرىن ۋە تاتلىق بىر تەمنى سېزىپ، كۆزىنى ئاچتى، كۆزەينەكلىك، ئاپپاق چاچلىق ۋە ئاق خالاتلىق ۋىجىككىنە بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئاغزىغا قىيامدەك بىر خىل سۇيۇقلۇقنى تېمىتىۋاتاتتى.

— ياخشى بولدى، هوشىڭىزغا كەلدىڭىز قىزىم، ئەمدى ھېچنېمە بولمايسىز، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن.

— سىز كىم؟ مەن قانداقسىگە بۇ يەردە بولۇپ قالدىم، — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئۆزى ياتقۇزۇلغان شىرە ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ.

ئۇ تۇرغان جاي نۇرغۇنلىغان ئىشكاپلار ۋە شىرەلەر قويۇلغان، ئىشكاپ ۋە شىرەلەرگە سۈيۈق ۋە قاتتىق رەڭگارەڭ بىر نېمىلەر قاچىلانغان شېشىلەر قويۇلغان، بەزىلىرى نەيچىلەر بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلانغان، ئاجايىپ - غارايىپ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرمۇ قويۇلغان ۋە غەلىتە پۇراقلار ھاۋاسىنى بىرلا ئالغان بىر زال ئىدى.

— مەن دېگەن ئالىم، — دېدى بوۋاي، — بۇ مېنىڭ تەجرىبىخانام. سىز مېنىڭ بېغىمدىكى زەھەرلىك مېۋىدىن يەپ قويۇپسىز، مەن سىزنى زەھەرلىنىپ ھوشىڭىزدىن كەتكەن جايدىن تېپىۋېلىپ، تەجرىبىخانامغا ئېلىپ كىردىم، ئۆزۈم ياسىغان دورا بىلەن قۇتقۇزدۇم.

— رەھمەت سىزگە ئالىم بوۋا، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە مىننەتدار بولۇپ، — قۇتقۇزمىسىڭىز ئۆلۈپ كېتەرمەنكەن - ھە؟

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي، — ئەمدى ئېھتىيات قىلىڭ، دەرەختىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېگىلى بولۇۋەرمەيدۇ، يېگىلى بولىدىغان بىلەن بولمايدىغىنىنى پەرقلەندۈرۈشىڭىز

كېرەك.

— قانداق پەرقلەندۈرىمەن؟ — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — تۈزۈك بىر نەرسە بىلمەيدىغان تۇرسام، چۈنكى مەن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغىلى ئۇزاق بولمىدى، بىلىۋالغانلىرىم بەك ئاز، بەك ئاز.

— بۇ بىر بەختسىزلىك، — دېدى بوۋاي، — تۈزۈك بىر نەرسە بىلمىسىڭىز يەنە شۇنداق پالاكەتلەرگە يولۇقۇپلا تۇرىسىز، ھاياتىڭىزدىن ئاسانلا ئايرىلىپ قالىسىز، ھەم باشقىلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيسىز، ياشىغىنىڭىزنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، بىلىمسىزلىك، نادانلىق بەكمۇ يامان ئىللەت.

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭىز توغرا، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە مەيۈسلۈك بىلەن، ئارقىدىنلا ئۇ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ، — دېدى بوۋاي تەسەللىي بېرىپ، — مەن سىزگە بىر گۆھەر بېرىمەن، ئۇ سىزگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ، بىراق سىزمۇ ھېلىقى گۆھىرىڭىزنى ماڭا بېرىشىڭىز كېرەك، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بىراق مېنىڭ گۆھىرىم بولمىسا، سىزگە قايسى گۆھەرنى بېرىمەن. گۆھەرنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن تېخى.

— ھېلىقى تۇخۇمدەك تېشىڭىز بىر گۆھەر، — دېدى بوۋاي، — بىراق، ئۇ بۇ يەردە دورا يانجىيدىغان ياكى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشقىلا يارايدۇ، مەن سىزگە بەرمەكچى بولغان



گۆھەر بولسا سىزگە بىلمىگەننى ئۆگىتىدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ھەممە سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب تاپالايسىز، يولۇققان مۇشكۇلىڭىزنى ھەل قىلىش چارىسىگە ئېرىشەلەيسىز.

— ئۇنى تېزرەك ماڭا بېرىڭا،— دېدى كىچىككىنە مەلىكە،— مەن سىزگە ھېلىقى تۇخۇمچىلىك، نۇر چاچىدىغان تېشىمنى بېرىشكە رازى.

بوۋاي كۆن مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئەكىلىپ بەردى ـ دە:

— مانا بۇ سىزگە بېرىدىغان گۆھىرىم، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە،— دېدى كۈلۈمسىرەپ.

كىچىككىنە مەلىكە كىتابنى قولىغا ئالدى، كىتاب ئۇنىڭ قولىدا پەيدەك يەڭگىل بىلىندى، بىراق ئۇنىڭدىكى بىلىمنىڭ ۋەزنى بولسا تاغدىنمۇ ئېغىر ئىدى.

ئېچىپ كۆردى، ۋاراقلىرى سۇتتەك ئاق، خەتلىرى ئىپار ھىدلىق قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان ئاجايىپ نەپىس ھۆسنخەتلەر ئىدى. كىچىككىنە مەلىكە بۇ كىتابقا ئېرىشكەندىن باشلاپ، ئۆزى نېمىلىكىنىمۇ بىلمىگەن، لېكىن زادىلا كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالغان ھېلىقى سوئال بەلگىسى بىردىنلا غايىب بولدى، ئۇ كىتابقا ئېرىشكىنىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى، لېكىن ئوقۇشنى بىلمىگىنىدىن ئۆكۈنۈپمۇ قالدى، ئوقۇيالىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

— ھېچقىسى يوق،— دېدى بوۋاي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ،— ئۇنى مەن ئىلمىي ھېكمەت بىلەن پەيدا قىلغان،

ئوقۇيالمايدىغانلار بىلمەكچى بولغىنىنى سورىسا كىتاب ئۆزى سۆزلەپ بېرىدۇ.

كىچىككىنە مەلىكە ئالدى بىلەن ھېلىلا تېخى كۆز ئالدىدىن غايىب بولغان نەرسىنىڭ شەكلىنى ئېيتىپ، نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى، شۇ ھامان كىتاب ئۆزلۈكىدىن بىرقانچە ئون بەت ئۆرۈلۈپ، بىر بېتىدىن شۇنداق ئاۋاز كەلدى:

— ئۇ دېگەن سوئال بەلگىسى، سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. ئۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى…

كىتابنىڭ ئاۋازى ھەم يېقىملىق، ھەم چۈشىنىشلىك ئىدى، ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

— تاپتىم، — تۈۋلىۋەتتى كىچىككىنە مەلىكە بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، — دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مۇشۇ ئىكەن.

— شۇنداق، — دېدى ئالىم بوۋاي پەخىرلەنگەن ھالدا، — دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە كىتاب، كىتابتىكى تۈگىمەس بىلىم.

— ئۇنى ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئېلىپ كېتىڭ، مەن ئاشۇ كىتابنى يېزىش ۋە سۆزلىيەلەيدىغان خىسلەتكە، مول بىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن بۇ خىلۋەت ۋە

تىنچ ماكاننى تاللاپ جايلىشىپ تەجرىبىخانا قۇردۇم، ئەۋرىشكە توپلىدىم، تەتقىق قىلدىم، تەپەككۇر يۈرگۈزدۈم، نەچچە ئون يىل ئەجىر قىلىپ، ئاخىرىدا زامانىمىزدا قىممىتى بارلىكى جەمئىي بىلىملەرنى بىر ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشتۈردۈم، ئۇنى ئەمدى سىزگە تەقدىم قىلىمەن. ئۇنى ئېلىپ كېتىڭ، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشتا ئىشلىتىڭ، ئۇ سىزگە يول كۆرسىتىدۇ. مۇشكۇلات قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سىر تۈگۈنلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ. مۆجىزىلەر يارىتىپ بېرىدۇ. سىزنى پۈتمەس - تۈگىمەس بەختكە ئىگە قىلىدۇ، بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر بۇ كىتاب بىرەر ئادەم تەرىپىدىن بىرەر يامان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا پايدىلىنىلماقچى بولسا قىممىتىنى يوقىتىدۇ، خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بىلىمنىڭ قىممىتى ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتا، ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن بالايىئاپەتلەرنى چەكلەشتە.

كىچىككىنە مەلىكە ئالىم بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ تېزرەك دوستلىرى بىلەن جەم بولۇش تەقەززالىقىدا خوشلىشىپ كەلگەن يول بىلەن ئۇچۇپ كەينىگە ياندى.

## 2. مۆز قونچاقنىڭ كەچۈرمىشلىرى

مۆز قونچاقنى قويۇن ئۇچۇرۇپ، بىر جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلىدى، بۇ يەردە پىژغىرىم ئاپتاپ يەر يۈزىنى چوغدەك

قىزىتىۋەتكەن. ئىسسىقنىڭ يامانلىقىغا چىداش مۈمكىن بولمايدىغان بىر جاي ئىدى، سايە چۈشۈرگىدەك نە بىر دەرەخ ياكى چاتقىلىقتا دەرمان بولغۇدەك نە بىر ئېقىن ياكى بۇلاق يوق ئىدى، ھەممە يېرى قۇرۇپ ـ قاغجىراپ چاك ـ چاك يېرىلغان تاشلىق ساي ئىدى.

بەلكىم «مۈز قونچاق بۇ يەردە تېزلا ئېرىپ تۈگىشىپ كېتىدىغۇ» دەپ ئەندىشە قىلغانسىز، بىراق ئۇنىڭدا پېرىخون ھەدىيە قىلغان كىچىككىنە كۆنلۈك بولغاچقا شۇ كۆنلۈكنىڭ سايىسىدە ئۇ ھېچنېمە بولماي بىمالال كېتىۋەردى، چۈنكى كۆنلۈكنىڭ سايىسى چۈشكەنلا يەردىكى قىزىق ھارارەت يوقىلىپ بىرخىل سالقىنلىق پەيدا بولاتتى، بۇ سالقىنلىقتا مۈز قونچاقنىڭ خىرۇستالدەك سۈزۈك جىسمىدىن زەررىچىلىك قىسمىمۇ ئېرىپ كەتمەيتتى.

«خۇداغا شۈكۈر، — دېدى مۈز قونچاق ئۆزىمۇ، — ھەرھالدا بۇ كۆنلۈكنىڭ بولغىنى، ئەگەر بۇ كۆنلۈك بولمىسا پارلىنىپ، تۈگىشىپلا كېتەركەنمەن.»

ئۇ جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا شۇ تاپتا قايان بېرىشىنى ۋە جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى قانداق تېپىشىنىمۇ بىلمەيتتى، بىراق شۇ چاغ ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېچ بولمىغاندا بۇ جەزىرىدىن چىقىپ كېتىش خىيالى پەيدا بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەزىرىدە تۇرۇۋېرىش تولىمۇ خەتەرلىكتە.

مۇز قونچاق ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە تەۋەككۇل قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ماڭدى، ماڭدى، كېتىۋېتىپ تاش ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان بىر تال ياۋا گۈلگە كۆزى چۈشتى، بۇنداق تاش ـ تۇپرىقى چوغلىنىپ قىزىپ تۇرىدىغان جەزىرىدە بىرەر تال گىياھنىڭ ئۆسۈپ قېلىشى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ئۇ قىزىقىش ئىچىدە يېقىنلاپ باردى.

ـــ ۋاي بىچارە، ـــ دېدى ئۇ ياۋا گۈلنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، ـــ قۇرۇپ قالايلا دەپ قاپتىغۇ، پېژغىرىم ئاپتاپ ئۇنى قىزىتىپ تۇگەشتۈرۈۋېتەي دەپتۇ ـ دە.

ـــ شۇنداق، ـــ ئىنتايىن زەئىپ بىر ئاۋاز كەلدى ياۋا گۈلدىن، ـــ ئاپتاپتا قىزىپ، چاڭقاپ قۇرۇپ قالايلا دەپ قالدىم، كاشكى بىرەر تامچە سۇ بولسىدۇ، سۇ بولمىسىدۇ، يەنە نەچچە كۈن كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشىۋالاتتىم، ئۇرۇقلىرىم پىشىۋالاتتى، شامال ـ بوراندا ھەر تەرەپكە تارىلىپ، ئەۋلادلىرىم كۆپىيەتتى، يەر يۈزىگە، جەزىرىگە يېشىللىق بېغىشلاپ، زىننەت بولاتتى، ئەپسۇس، تۈگىشىدىغان بولدۇم، ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم، ئەۋلاد قالدۇرالمايدىغان بولدۇم...

ياۋا گۈلنىڭ ياپراقلىرى قۇرۇشقا باشلىدى، ئېلىپتەك قەددى دالدەك ئىگىلدى.

ـــ توۋا، ـــ دېدى مۇز قونچاق، ـــ ئۇ تۈگىشىۋاتسا تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك تۇرىمەنغۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەكقۇ، ئاھا!

ئۆلۈغ تەڭرىم، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى نېسىپ قىلغايسەن.
شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ كۆنلۈكنى يىغىشتۇردى، شۇ هامان پۈتۈن بەدەنلىرىدىن چىپ - چىپ تەرلىگەندەك سۇ سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى، ياۋا گۈلنىڭ ياپراقلىرى نەملەندى.
قورۇلغان ياپراقلار ئېچىلدى. ياۋا گۈلنىڭ ئېگىلگەن قەددى تىكلەندى - دە:
— بولدى، بولدى، يېتەرلىك بولدى، بولدى قىلىڭ، ئەمدى سىز ئېرىپ تۈگىشىپ كەتمەڭ، — يەنە، دېگەن سادا كەلدى.
مۇز قونچاق دەرهال كۆنلۈكنى ئاچتى، كۆنلۈك ئۇنىڭغا سەل ئېغىرلىق قىلدى، ئۇ كۆنلۈك ئاستىغا باسۇرۇلۇپ قالايلا دەپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئېرىپ كىچىكلەپ، خېلىلا ئاجىزلاپ قالغان ئىدى.
— سىزگە نېمە دەپ رەهمەت ئېيتسام بولار، — دېدى ياۋا گۈل، — مېنى سۇغىرىمەن دەپ خېلىلا كىچىكلەپ قالدىڭىز، خۇدا قالغان سەپىرىڭىزگە ئاسانلىق بەرسۇن، مەن ئەمدى خېلى كۆنلەرگىچە بىمالال ياشايمەن، ئۇرۇقلىرىمنى پىشۇرۇپ، شامال ۋە بوراندا تارقىتىمەن، ئەۋلادلىرىمنى كۆپەيتىمەن. مەن ئۇلارغا كەلگۈسىدە ئەڭ چىرايلىق گۈلچىچەكلەردىن گۈلچەمبىرەك ياساپ سىزگە تەقدىم قىلىشنى جېكىلەيمەن.
— قۇرۇپ قالمىغىنىڭىز بەك ياخشى ئىش بولدى، — دېدى مۇز قونچاق ئۇڭايسىزلىنىپ، — مەن قاراپ تۇرۇپ قۇرۇپ

كەتكەن بولسىڭىز مەڭگۈ ئازابلىناتتىم.

ئاندىن ئۇ ياۋا گۈلدىن سورىدى:

— سىز ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق تېپىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ياۋا گۈل، — مەن بىلىدىغان نەرسە بەك ئاز، بەك ئاز، سوئالىڭىزغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدىغىنىمدىن بەك خىجىلمەن، بىراق ماڭا شۇ ئايانكى، مەن ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مۇشۇ مىنۇتلار مېنى ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىۋالغان بىرنەچچە تامچە سۇ، سىزنىڭ ياردىمىڭىز.

مۇز قونچاق ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگىنىدىن مەيۈسلەندى، بىراق جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىش، دوستلىرى بىلەن ئاخىرى جەم بولۇش ئىرادىسى قەتئىي بوشاشمىدى، بەلكىم ماڭا يول كۆرسىتىدىغان باشقا بىرەرسى ئۇچراپ قالار، دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

مۇز قونچاق ماڭدى، ماڭدى، ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن يولى ئاۋۇمىدى، لېكىن توختاپ قالمىدى. شۇنداق كېتىۋېتىپ ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ بۇ جەزىرىگە كېلىپ قالغان بىر كېپىككە دۈچ كەلدى.

كېپەك قاتتىق ئۇسساپ - چاڭقاپ كەتكەن بولسا كېرەك،

ئىنتايىن ھالسىزلانغان ۋە ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا مۈدۈرۈپ، مۈدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.
— ئۇ ئىلگىرى نەقەدەر شوخ ۋە تېتىك بولغىيتى ـ ھە؟ — دېدى مۆز قونچاق ئۆز ـ ئۆزىگە، بىچارە، قانداقسىگە بۇ جەزىرىگە، ھالاكەت يولىغا كېلىپ قالدىكىنە؟»
ھېلىقى كېپىنەك ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يىقىلدى، قىزىق تاشلارغا تەگكەن بىقىنىدىن پىژىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىس كۆتۈرۈلدى، كۆيگەن موي بىلەن تېرە، گۆش پۇرىقى تارالدى، بىچارە كېپىنەك قاتتىق تىپىرلاپ كەتتى.
«ۋاي بولمىدى، — دېدى مۆز قونچاق، — ئۇ شۇنداقلا كاۋاپ بولۇپ قالىدىغان بولدى.»
شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ، كېپىنەكنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، كۈنلۈكنى بېشىغا تۇتۇپ سايە چۈشۈردى.
— ئۇسساپ كەتتىم، — ناله قىلدى كېپىنەك ئارانغىنە.
مۆز قونچاق دەرھال غارس قىلىپلا بىر بىلىكىنى ئۇشتۇۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى، كېپىنەك ئاستا ـ ئاستا شۈمۈۋېتىپ، كېيىن كاراسلىتىپ چايناپ يۇتۇۋەتتى، ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.
— رەھمەت، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، — مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدىڭ، ئەمدى مەن سېنى بۇ جەزىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.
— مەن ئۇستىڭىزدە ئولتۇرالمايمەن، — دېدى مۆز قونچاق

هالسىزغىنە، ــ ئۈستىڭىزدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىشىم مۈمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسام پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىمەن، بىراق سىز ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ماڭا چوڭ ياخشىلىق قىلغان بولاتتىڭىز.

ــ مېنى كەچۈرگىن، ــ دېدى كېيىك، ــ مەن سوئالىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەسلىكىم مۈمكىن، چۈنكى مېنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنىم بەك ئاز، بىراق مەن ئۇچۇن جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بايىلا ماڭا قىلغان ياردىمىڭ، باشقىلار موھتاجلىقتا قالغاندا قىلىنغان ياردەم دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولۇشى مۈمكىن.

ــ ئەمدى سىز كېتىۋېرىڭ، ــ دېدى مۇز قونچاق، ــ بۇ كۆلنۈك بولسىلا مەن بۇ جەزىرىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتەلەيمەن.

كېيىك ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان بولسىمۇ نائىلاج كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇ يەنە بۇ جەزىرىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا ھېلىلا قۇتۇلغان يامان ئاقىۋەتكە قايتىدىن دۇچار بولۇشىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ مۇز قونچاق بىلەن خەيرلىشىپ، سەكرەپ ـ تاقلاپ كېتىپ قالدى.

مۇز قونچاق قالغان بىر قولىدا كۆنلۈكنى ئاران ـ ئاران كۆتۈرۈپ يولىنى داۋام قىلدى، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردىمىنى «دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە» دەپ چۈشىنىش

ئۈنىڭ كالىلىسىدىن ئۆتمەيتتى، مەن چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپىمەن، دوستلىرىم بىلەن چوقۇم يەنە جەم بولىمەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

مۇز قونچاق ماڭدى، ماڭدى، جەزىرىنىڭ چېتىگىمۇ يېقىنلاپ قالدى، بىراق بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ئازگالچىدىن كىمدۇ بىرىنىڭ: «ئاھ خۇدا، تۈگەشتىم، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن ھالسىزغىنە نالىسى ئاڭلاندى، مۇز قونچاق ئىختىيارسىز ئازگال يېنىغا ماڭدى. ئازگالدا يەر ئاستىدىن سىرغىپ چىققان يېرىمچە سۇ ۋە سۇ ئىچىدە ھالسىراپ، جان تالىشىپ ياتقان بىر تال كارپ بېلىقى بار ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى مۇز قونچاق.

— ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ، قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى كارپ بېلىقى، — ئىسسىقنىڭ يامانلىقىدىن بۇ كىچىككىنە ماكانىمدىكى سۇمۇ قىزىپ، پارلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، پاتلا قۇرۇپ كېتىدۇ، قىزىق ھارارەت ھالىمنى قويمىدى. ھېلى سۇيۇم قۇرۇپ كەتسە ئاپتاپتا كاۋاپ بولۇپلا قالىمەن، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن ... جان بەرمىكىممۇ بەك تەسكە توختايدىغان بولدى...

— بىچارە، — دېدى مۇز قونچاق ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىنىپ يىغلىۋەتكۈدەكلا بولۇپ، — ئەمدى ھېچنېمە بولمايسەن، بۇ كۆنلۈكۈم ساڭا نجاتلىق بېغىشلايدۇ، ئۇنىڭ سايىسىدە سۇيۇڭ قۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئاپتاپنىڭ قىزىتىشىدىنمۇ

قوتۇلسەن.

ئاندىن ئۇ كۆڭلۈكنى ئازگالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاداپ قويدى، شۇ ھامان كارپ بېلىقى بىرخىل سالقىنلىق ۋە ئاراملىق ھېس قىلىپ، جانلىنىپ قالدى.

— رەھمەت، ماڭا يەنە بىر ھاياتلىق بېغىشلىدىڭ، — دېدى يىلتىڭلاپ ئويناقشىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت ئېيتىشىڭ ھاجەتسىز، — دېدى مۇز قونچاق، بىراق ئۇ ئەمدى ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپتە قالغىنىنى ھېس قىلدى، كارپ بېلىقىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرگەن ئىسسىق ھاۋا، قىزىق ھارارەت ئەمدى ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. ئۇ چىپ - چىپ تەرلىگەندەك بولۇۋاتقىنىنى، ۋە بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

«ئاھ! خۇدا، — شىۋىرلىدى ئۇ نالە قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە، — تۈگىشىدىغان بولدۇم، دوستلىرىم بىلەن جەم بولالمايدىغان، بەخت ئارىلىغا يېتەلمەيدىغان بولدۇم.»

ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن مەرۋايىتتەك تامچىلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كۆز چاناقلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تېنىدىن مەرۋايىت تامچىلار سىرغىپ - سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

«ياق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، — ئاخىرقى بىر تامچە سۇغا ئايلىنىپ قالغىچە بولسىمۇ بەل قويۇۋەتمەسلىكىم كېرەك.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غەيرەتلىنىپ، بىرەر سايە ياكى سالقىن

جايغا ئۇلىشىۋېلىش، جەزىرىدىن، ئۆلۇم گىردابىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى، ماڭغان يولىدا نەملەنگەن كىچىككىنە پۇت ئىزلىرىلا قالاتتى، بىراق تېزلا بىر هور كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ يوقىلىپ باراتتى.

مۇز قونچاق ئاخىرى جەزىرىدىن چىقتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۇ بارماقچىلىكلا قالغان. يەنىلا توختىماي ئېرىپ كېتىۋاتقان ئىدى.

ئۇ ئارانلا ئۇلاشقان بىر كىچىككىنە سايىگە، بىر تۈرۈپ ياۋا گۈلنىڭ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— سەن كىم؟ — سورىدى ياۋا گۈل بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ.

— مۇز قونچاق، — جاۋاب بەردى مۇز قونچاق هالسىزغىنە.

— قانداقسىگە بۇ جەزىرىگە كىرىپ قالغانتىڭ؟ — سورىدى ياۋا گۈل يەنە.

— دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئىزدەپ، — دېدى مۇز قونچاق ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، — مەن ئۇنى تېپىپ بارالىسام ئاندىن دوستلىرىم بىلەن جەم بولاتتىم، پېرىخون بىزگە بەخت ئاتا قىلغان بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قوياتتى، بىراق تاپالمىدىم، دوستلىرىم بىلەن قايتا جەم بولالمايدىغان، دىدارلىشالمايدىغان بولدۇم، تۈگەشتىم، پېرىخونمۇ مېنى ئەمدى بىر يارامسىز دەپ قالىدىغان بولدى، مەن هازىرلا سايەڭگە سىڭىپ كېتىمەن، سايەڭ مېنىڭ قەبرىگاهىم بولىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە دوستلىرىم، سىلەر ئامان بولۇڭلار ...

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ جىمىپلا قالدى، چۈنكى ئۇ ئېرىپ

پەقەت بىر تال نوقۇتچىلىكلا قالغان ئىدى.

ياۋا گۈل دەرھال ياپراقلىرىنى ئىگىپلا ئۇنى يەردىن ئېلىۋالدى ـ دە، ئاپتاپ ۋە قىزىق ھارارەتتىن ساقلاپ قالماقچى بولدى.

شۇ چاغ بۇ يەرگە گۈل چېچى ئىزدەپ كەلگەن بىر ھەسەل ھەرىسى كېلىپ قالدى. ئۇ كىچىككىنە بىر تال ھەپىرەڭگۈلنى چېلەك قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى.

ــ ياخشىمۇسەن؟ ــ ھال سورىدى ياۋا گۈل.

ــ ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ ــ ھال سورىدى ھەسەل ھەرىسىمۇ.

ــ سەل ئۇسساپ، چاڭقاپ قالغىنىمنى دېمىگەندە يامان ئەمەس. گۈلچېچى ئىزدەپ كەلدىڭمۇ؟ ــ سورىدى ياۋا گۈل.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ھەسەل ھەرىسى.

ــ بۇ يەردە ساڭا بەكمۇ موھتاج بىرى بار، ــ دېدى ياۋا گۈل، ــ سەن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر ياردەم قىلغىن بولامدۇ؟

ــ باشقىلارغا ياردەم قىلىش ياخشى ئىش، ــ دېدى ھەسەل ھەرىسى، ــ قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ياردەم قىلىمەن.

ياۋا گۈل قورۇۋالغان ياپراقلىرىنى ئاچتى، ياپراق ئۈستىدە ھېلىقى نوقۇتچىلىك مۇز ياقۇت پارچىسىدەك نۇرلىنىپ، ۋالىلداپ تۇراتتى.

ــ ئۇ ئەسلىدە بىر مۇز قونچاق، ــ دېدى ياۋا گۈل، ــ ئۇ جەزىرىدىن چىقىپ بولغىچە ئېرىپ تۈگىشىپلا كېتىپتۇ، ئاران مۇشۇ نوقۇتچىلىك پارچىسىلا قالغان ئىكەن. مەن ئۇنى يەنە

ئېرىپ كەتمەستە قۇتقۇزۇۋالدىم. سەن ئۇنى پىرىخوننىڭ ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويساڭ، ئۇ هايات ۋاقتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى دوستلىرى بىلەن جەم بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولسۇن، ئارمان بىلەن كەتمىسۇن.

ھەسەل ھەرىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، نوقۇتچىلىك مۇز پارچىسىنى ھەپىرەڭگۈل چېلىكىگە سالدى ـ دە، ئېرىپ كەتمەستە مەنزىلگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن غۇي قىلىپلا ئۇچۇپ كەتتى.

### 3. مۇشۇكياپىلاقنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

قويۇن مۇشۇكياپىلاقنى ئاجايىپ گۈزەل بىر باغ ئىچىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. باغ ئىچىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان، ياپيېشىل چىملىقلارنى ئارىلاپ ياسالغان مەرمەر تاش ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، ئالتۇن بېلىقلار ئويناقشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن، بۈك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ شاخلىرىدا تۇتى ـ بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايرىشىپ ئولتۇرغان جەننەت مەسەللىك بىر ئېسىل جاي ئىدى.

— پاھ! نېمىدېگەن گۈزەل باغ ـ ھە؟ — دەۋەتتى مۇشۇكياپىلاق زوقلىنىپ.

ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھەممە نەرسىنى ئۆز رەڭگى

ھالىتىدە كۆرۈۋاتماقتا ئىدى.

بۇ كۆزەينەككە بۇرۇنراق ئېرىشكەن بولسامچۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە خۇشاللىقىنى بېسىۋالالماي، — كۈندۈزدىكى مەنزىرىلەردىن بالدۇرراق بەھرە ئالاركەنمەن. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرىلەر - ھە؟ خۇداغا شۈكۈر، ھېلىھەم بولسىمۇ بۇ كۆزەينەكنىڭ خاسىيىتى بىلەن كۈندۈزى كۆرەلمەسلىك كېسىلىم ساقىيىپ قالدى. كېچىسى نېمىدېگەن زېرىكىشلىك، كېچىلىك مەنزىرىلەر نېمىدېگەن خۇنۇك، كۆرۈمسىز - ھە؟ ئايدىڭ كېچىلەردىكى كۆك قەرىدە نۇرلىنىپ تۇرغان گۈزەل ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى دېمىسە ھەممە نەرسە خۇنۇك قارامتۇل كۆرۈنگەن، نەگىلا قارىسا قارا - قۇرا سايىلەر ئەلەڭگۈپلا تۇرغان...

شۇنداق پىكىر - خىياللار ئىچىدە بىر دەم ھايال بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇ ئەمدى كۆك قەرىگە پەرۋاز قىلىپ، كۆپىرەك جايلارنى كۆرۈپ سەيلى قىلماقچى، كېچىسى قارامتۇل رەڭدىلا كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۈندۈزدىكى رەڭگى - ھالىتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

بىراق ئۇ ئەمدىلا ئۇچاي دېيىشى ئۈستىگە بىر تور تاشلاندى - دە، چۈمكىلىپ قېلىپ، ئۇچالماي تېپىرلاپ قالدى.

بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشىكىنە؟

ھەئە، ئەسلىدە بۇ گۈزەل باغدىمۇ قەلبىگە شۇم نىيەتلەرنى پۈكۈپ تۇرغان رەزىل سەيياد بار ئىكەن - دە.

شۇنداق قىلىپ مۈشۈكياپىلاق بەخت تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ

شۇ مىنۇتلاردا كۆتمىگەن يەردىن سەييادنىڭ ئۆلجىسى بولۇشتەك بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى ۋە هايالسىزلا ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسىغا ئەكىرىلىپ، پادىشاھقا ھەدىيە قىلىندى.

— بۇ قانداق قۇش؟ — سورىدى شاھ.

— بۇ جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان ئاق مۇشۇكياپىلاق، ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، — دېدى سەيياد پۈكلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇنى ھېلىلا چاھار باغدىن تۇتۇۋالدىم، ھەم ئۇ بەك ئەتىۋارلىق قۇش بولغاچقا ئالىيلىرىغا ھەدىيە قىلىشنى لايىق تاپتىم.

— ئەمدى ساڭا ئىنئام بېرىشىم كېرەكمۇ؟ — سورىدى شاھ.

— يەنە ئىلتىپاتلىرىغا تەشنامەن، — دېدى سەيياد گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

— ھەي كاززاپ، — تولۇلدى بىر ياندا تۇرغان ۋەزىر غەزەپ بىلەن، — ئالىيلىرىنىڭ بېغىدىكى قۇشنى تۇتقىنىڭ ئۇچۇن جازالىنىشقا تېگىشلىك تۇرۇپ، تېخى ئىنئام تەمە قىلىۋاتامسەن؟

سەيياد قورققىنىدىن باش ئۇرۇپ يېلىنىشقا باشلىدى، بىراق شاھ پىسەنت قىلماي پەرمان چۈشۈردى:

— ئەسلىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن تۇتقان قۇشنى يەنە ماڭا ھەدىيە قىلغان خىزمىتى ئۇچۇن ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئۆمۈرلۈك زىندانغا ھۆكۈم قىلدىم، دەرھال قۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاڭلار.

دىۋە سۈپەتلىك جاللاتلار دەرھال سەييادنىڭ «ئۇۋال بولدى» دەپ نالە قىلىشلىرىغا قارىماي، گەجگىسىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ

سوٚرەپ زىندانغا ئېلىپ كېتىشتى، شاھنىڭ خاس غۇلاملىرى بولسا ئالتۇن شادىلىق، لەئلى ـ ياقۇت، ئالماس ـ زۇمرەتلەردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەن شاھانە قەپەس ئەكىلىپ، مۇشۇكياپىلاقنى ئىچىگە سالدى ـ دە، تەخت يېنىغا ئالتۇن خادا تىكلەپ ئاستى.

بولۇۋاتقان ئىشلار مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزىگە خىرە ـ شىرەلا كۆرۈندى، چۈنكى ئۇ تورغا چۈمكەلگەندە خاسىيەتلىك كۆزەينىكى چۈشۈپ قالغان ۋە سەييادنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىپ، سۇنۇپ كېرەكتىن چىققان ئىدى.

«ئاھ! خۇدا،— نالە قىلدى ئۇ شاھانە قەپەس ئىچىدە تۇرۇپ،— كۆزەينەكتىنمۇ ئايرىلدىم، ئەركىنلىكتىنمۇ ئايرىلىم، بۇ بەختسىزلىكتىن، بۇ قەپەستىن ئەمدى قاچانمۇ خالاس بولارمەن؟!»

شۇنداق قىلىپ مۇشۇكياپىلاق قەپەسكە بەند بولدى، ئۇنىڭ قەپەستىكى بىردىنبىر ئىشى ئۆتمۈشنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە خىيال سۈرۈشلا ئىدى. ئۇ ئىلگىرى قاراڭغۇ شولىلار ئەلەڭگۈپلا تۇرىدىغان ئورمانلىقتىن چىقىپ، ئاي نۇرىغا چۆمگەن كەڭ دالا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغانلىرى، ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشكەنچە ئېتىزلاردا زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋاتقان ئوغرى چاشقانلارنى چاڭگاللاپ، غەلىبە شادلىقى ئىچىدە يەنە ئورمانلىقتىكى قېرى تۇخۇمەك دەرىخىدىكى ئۇۋىسىغا ئېلىپ ماڭغانلىرىنى ئەسلىدى، كىچىك سەپەرداشلىرى بىلەن بىللە

ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئەسلىدى. قانداق قىلىپ بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇش ۋە يەنە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىش ھەققىدە خىيال سۈردى.

ئەنە ئۇ قاناتلىرى بىلەن بىرلا سوقۇپ، ئالتۇن شادىلىق شاھانە قەپەسنى پاچاقلىۋەتتى، ئەنە ئۇ پادىشاھنىڭ «ۋاي ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار» دەپ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ئىچىدە پالاقشىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئوردا ئەھلىنى نائۈمىد قالدۇرۇپ، ھەشەمەتلىك ئوردىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، كۆك ئاسمان قەرىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئەنە ئۇ يەنىلا كۆرۈۋاتىدۇ، قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يېڭى كۆزەينەك پەيدا قىلدى. ئۇ ھەممىنى روشەن، ئۆز رەڭگى - ھالىتىدە كۆرۈۋاتىدۇ، ياپيېشىللىقتا چۆمگەن دالا ۋە ئۇنىڭغا زىننەت بېغىشلىغان گۈل - چېچەكلەرنى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا - ئېقىنلارنى، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان يوللارنى، يول ئۈستىدە ئاتلىق، ھارۋىلىق، ۋە پىيادە كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى كۆرۈۋاتىدۇ، ئەنە ھېلىقى ھەشەمەتلىك ئوردا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىش - كېسەكتىن قۇرۇلغان كونا ئۆيلەر، يەنە ھېلىقى چاھار باغ ۋە چاھار باغ يېنىدا چۆلدەرەپ تۇرغان خارابىلىقلار ...

تۇيۇقسىز قەپەس تەۋرىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇشۇكياپىلاقمۇ خىيالىي تۇيغۇلار ئىچىدىن رېئاللىققا قايتىپ چىقتى، قەپەسنىڭ كىچىككىنە ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىچىگە بىرنەچچە پارچە گۆش تاشلاپ قويۇلدى.

ماڭا ئوزۇقلۇق ئەكەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئويلىدى مۇشۇكياپىلاق.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان ئىدى، چوقۇلاپ - چوقۇلاپ يەۋېلىش ئىستىكىمۇ قوزغالدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى - دە: «ياق، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇنى يېمەيمەن، ماڭا كېرىكى ئەركىنلىك.»

شۇنداق قىلىپ گۆشلەر قەپەسكە تاشلانغىنىچە قالىۋەردى، بىر چاغلار قەپەسنىڭ كىچىككىنە ئىشىكى يەنە ئېچىلدى - دە، گۆشلەر ئېلىۋېتىلىپ، ئورنىغا بىر نەچچە چاشقان تاشلاپ قويۇلدى. بېچارە چاشقانلار چىر - چىر چىرىلدىشاتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى باغلاپ قويۇلغان ئىدى.

« بېچارىلەر، — دېدى مۇشۇكياپىلاق ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چاشقانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، — ئۇلار ئەمدى سىلەرنى ماڭا يەم قىلىپ بەرمەكچى ئىكەندە، بەلكىم مېنى چاشقاندىن باشقا نەرسە يېمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشقان چېغى، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ تەمىنى مەنلا تېتىپ ئۆتەي، ئۇلار بولسىمۇ بىر مەزگىل ئەركىن ياشىۋالسۇن.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چوقۇلاپ - چوقۇلاپ چاشقانلارنى چۇشەپ تۇرغان يىپچىلارنى ئۈزۈپ تاشلىدى. چاشقانلار دەرھال قەپەسنىڭ شادىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى ۋە تېزلا تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ئوردا ئەھلى بولسا سەل پاراكەندە بولۇپ يەنە تىنچىپ

قىلىشتى ـ دە، ئاردىن بىرى شاھقا مەلۇم قىلدى:

— ئۇ ھېچنېمە يېمىدى ئالىيلىرى، ھەتتا چاشقانلارنىڭ يۇتلىرىنى چۇشەپ قويغان يىپلارنى ئۇزۇۋېتىپ ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتى. ئۇ شۇنداق كېتىۋەرسە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.

— قورسىقى بەك ئاچسا چوقۇم بىر نەرسە يەيدۇ، — دېدى شاھ، — قەپەسكە گۆش تاشلاپ، بىر قاچا سۇمۇ قويۇپ بېرىڭلار.

غۇلاملار دەرھال يەنە قەپەسكە گۆش تاشلاپ، قاشتېشى جامدا سۈزۈك سۇمۇ قويۇپ بەردى.

ھەرقانچە ئېسىل نازۇ نېمەت بولسىمۇ، قورسىقىم ھەرقانچە ئاچسىمۇ مەيلى، ھېچنېمە يېمەيمەن، — دەپ ئويلىدى مۇشۇكياپىلاق، — ماڭا كېرىكى ئەركىنلىك، ئۇلار بۇنى نەدىمۇ چۈشەنسۇن، بەلكىم ئاچلىقتىن ئۆلسەم ئۇلار مېنى قەپەستىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشى، ئۆلۈكۈم بولسىمۇ ئەركىنلىككە چىقىشى مۇمكىن.

شۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر ئىچىدە ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا چىداپ تۇرۇۋەردى، كەچ كىردى، شاھ ئارامگاھىغا كىرىپ كەتتى، ئوردا ئەھلىمۇ تاراپ كېتىشتى، ھەشەمەتلىك ۋە سۈزۈك شاھ قەسرىدە مۇشۇكياپىلاق تەنھا قالدى. قاراڭغۇغا كۆنگەن كۆزلىرى ئەمدى خېلى روشەن كۆرۈشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ شاھانە تەختتىن شاھانە جابدۇقلارغا تولا قاراپمۇ تېزلا زېرىكتى.

نېمىدېگەن زېرىكىشلىك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھەممە نەرسىدىن سۇر ۋە سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئاخىرى كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئاجايىپ ئىش، ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شاھانە قەسىر دېرىزىسىدىن قەسىر ئىچىنى نۇر ۋە ئاپتاپقا چۆمدۈرۈپ، بويى ئۈچ غېرىچچە، بىر جۈپ قاناتلىق بىر بالا ئۇچۇپ كىردى، ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى ئالتۇندەك سېرىق ۋە پارقىراق، كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، ئەتلىرى سۈتتەك ئاق، قولىدا يۇلتۇز باشلىق بىر ھاسا بار ئىدى.

— پاھ! — دېدى ئۇ شاھانە قەپەس يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، — جاھاندا ھېچقانداق قۇش مۇنداق ئېسىل قەپەسكە ئېرىشىپ باقمىغان. سەن ئېسىل قەپەسنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىلىدىغانسەن، پەخىرلىنىدىغانسەن - ھە؟

— دەل ئەكسىچە، — دېدى مۇشۇكياپىلاق زەردە بىلەن مەن دەل مۇشۇ قەپەس تۈپەيلى ئۆزۈمنى جاھاندا ئەڭ بەختسىز ھېسابلايمەن. ھەم ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن، چۈنكى ئۇ مېنى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى. مۇشۇ تاپتا بىر جۈپ ھارماس قانىتىم بولسىمۇ، لېكىن كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلالماي، بەكمۇ بۇرۇقتۇرما بولماقتىمەن، قەپەسكە سولىنىپ قېلىشنىڭ نەقەدەر زېرىكىشلىك ۋە ئازابلىق بولىدىغىنىنى سىز بىلمىسىڭىز كېرەك، سىز ماڭا ياردەم قىلالامسىز بولامدۇ؟

— سۆزۈڭمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، — دېدى قاناتلىق بالا، — بىراق مەن باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن تېپىشماق

ئېيتىمەن، تاپالىغانلارغا ياردەم قىلىمەن، چۈنكى ئۇلار چېچەن، ئەقىللىق بولىدۇ، قىلغان ياردەم زايا كەتمەيدۇ، تاپالمىغانلارغا ياردەم قىلمايمەن، چۈنكى ئۇلار كاللىسى بار تۇرۇپ ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان ھورۇن، دىتسىزلاردۇر. قىلغان ياردەم ئۇلارغا زايا كېتىدۇ.

— قېنى، تېپىشمىقىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدى مۇشۇكياپىلاق.

ئاقىللارغا گۆھەر ئۇ،
نادانلارغا قەدرى يوق.
تاپقىنە تېز ئۇ نېمە،
ماڭغان يولىدا ئىزى يوق.

مېڭىشنىلا بىلىدۇ،
ھېچيەردە ئۇ توختىماس.
كەتسە كەلمەس ئىزىغا،
ھېچ كىشىگە ساقلىماس—

دېدى قاناتلىق بالا، — قېنى تاپە.

— ۋاقىت، — دېدى مۇشۇكياپىلاق سەل ئويلىۋالغاندىن كېيىن ئىشەنچ بىلەن.

— تاپتىڭ، — دېدى قاناتلىق بالا كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى

تىلىكىڭنى ئېيتقىن.

— ماڭا ھەرقانداق قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان خاسىيەتلىك ئاچقۇچ بىلەن ساغلاملىقىنىڭ دورىسى كېرەك، — دېدى مۇشۇكياپىلاق.

قاناتلىق بالا يۇلتۇز باشلىق ھاسىنى دېرىزىدىن كىرگەن ئاي نۇرىغا شىلتىپ نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىغان ئىدى. ھايالسىزلا ئاي نۇرى كۈمۈش رەڭلىك بىر كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. سىرتتىن بۇ كۆۋرۈك بىلەن بويى بىر غېرىچ، بېشى ئالمىدەك بىر چۈمۈلە بىلەن بىر چوڭ كېپىنەك كىرىپ كەلدى، چۈمۈلىنىڭ قولىدا بىر تال ئالتۇن رەڭلىك مېھرىگىياھ ۋە كېپىنەكنىڭ قولىدا بىر ئالتۇن ئاچقۇچ بار ئىدى.

ئاي نۇرىدىن ھاسىل بولغان كۆۋرۈك ئۈزۈلۈپ، قەپەس يېنىغىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلار مېھرىگىياھ بىلەن ئالتۇن ئاچقۇچنى مۇشۇكياپىلاققا سۇنۇپ بەردى ـ دە، ئاندىن قول ئىشارىسى بىلەن خوشلىشىپ، كەينىگە ياندى، قاناتلىق بالىمۇ خەير ـ خوش دېدى ـ دە، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، ھايالسىزلا ھەممىسى غايىب بولدى، ئارقىدىنلا دېرىزىنىڭ جالاقىدە يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، مۇشۇكياپىلاق چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى.

«ئەجەب ياخشى چۈش كۆرگەنتىم، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ، — ئىسىت تېزلا تۈگىدى.»

بىراق شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالتۇن نۇرلار ۋال ـ ۋۇل

قىلىپ چاقناپ كەتتى.

ۋاھ! ئەسلىدە ئۇ ھېلىلا چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن مېھرىگىياھ يېنىدىلا تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ.

مۇشۇكىياپىلاق چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئالتۇن ئاچقۇچنى ئالدى، ئالتۇن ئاچقۇچتىن ئالتۇن نۇرلار تارىلىپ، قەپەس ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، مۇشۇكىياپىلاق مېھرىگىياھنىمۇ ئالدى ـ دە قەپەستىن چىقىپلا قانات قېقىپ ئۇچتى، توختىماي ئۇچۇپ، پايانسىز كەڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلدى.

مەغرىب ئاسمىنىدا يېتىپ كېتەي دەپ قالغان تولۇن ئاي ئۈنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. تېخى ئۆچمىگەن يۇلتۇزلار شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىپ، سالقىن تاڭ شامىلى بولسا ئۇنى سۆيۈپ قارشى ئالدى.

«ئەمدى دوستلىرىم بىلەن تېزرەك جەم بولۇشۇم كېرەك، — دېدى مۇشۇكىياپىلاق ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ، — مەن جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپقىنىمغا ئىشىنىمەن.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پېرىخونىنىڭ تېغى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

## 4. ئاق توشقاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى

ئاق توشقان بىر ئورمانلىقتا ئاپىرىپ تاشلاندى، بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىدىن يىرتقۇچلارنىڭ ھۆركىرەش ـ ھۇۋلاشلىرى

ئاڭلىنىپلا تۇراتتى، ئاق توشقاننىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى.

«ئاھ خۇدا! ــ دېدى ئاق توشقان نالە قىلىپ، ــ ئۆز پاناھىمدا ساقلىغايسەن، بىر نىجاتلىق يولى ئاتا قىلغايسەن.»

ئاندىن ئۇ سەگەكلىك بىلەن ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان شەپىلەرگە دىققەت قىلغاچ بىرەر كامار ياكى دەرەخ كاۋىكى تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە ئەتراپقا نەزەر سالدى، لېكىن ئىزدىگىنى چىقمىدى.

ئامالسىز پاناھ ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى، كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئالدى تەرەپتىن بىرخىل غەيرىي پۇراقنى ھىدلاپ قالدى.

«بۆرە ھىدى كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ ــ دېدى ئۇ تېخىمۇ ئەندىكىپ، ــ ئەمدى تۈگەشتىم بولدۇم. بۆرە ھايالسىزلا يېتىپ كېلىدۇ، مېنى تۇتۇپ خامتالاش قىلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟»

ئۇ سەل تېگىرقىدى، كېيىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ ئاياغ شەپىسىدىن سەگەكلىشىپ: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەرھال ياناي، يا قېچىپ قۇتۇلارمەن، يا بىرەر پاناھ جايغا يولۇقارمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بەردى ـ دە، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بار كۈچىنى ئاياغلىرىغا يىغىپ، ئۆرۈلۈپلا قاچتى.

يىراق ئۇزاقتا بارمايلا دەھشەتلىك ھۆركىرەش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇ قورقۇنچتا تۈگۈلۈۋالدى.

«ئاھ خۇدا، — دەپ نالە قىلدى ئۇ يىغلامسىراپ، — زادى بۈگۈن ئەجىلىم توشقان بولسا كېرەك، بۆرىدىن قېچىپ يولۋاسقا دۇچ كەلگىنىمنى قارىمامدىغان.»

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ يان تەرەپكە قاچماقچى بولدى، بىراق دەرەخلەر ئارىسىدىن قان تولغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشقان ئىتسىمان مەخلۇقلارنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتى.

يەنە بىر تەرەپكە قارىدى، ئۇ تەرەپتىمۇ كۆزلىرىدە ۋەھشىيلىك ئوتى يېنىپ تۇرغان ئىتسىمان مەخلۇقلار دەرەخلەر كەينىدىن، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن مارىشىپ تۇراتتى.

ئاق توشقان ئالاقزادىلىك ئىچىدە بىردىن مەدەت تىلىگەندەك ئاسمانغا قارىدى، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قۇياش: «كەل مەن سېنى قۇتقۇزۇۋالاي» دەۋاتقاندەك كۆرۈندى، بىراق ئۇنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن نۇرغا ئېسىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ ـ دە.

راست، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئەقلىنى تېپىپ، — نېمىشقا دەرھال يەرنى كولاپلا كامار قىلىپ كىرىۋالمايمەن، نېمىشقا ئۆلۈمۈمنى كۈتۈپ تۇرىمەن.

شۇنداق ئوي ـ پىكىر بىلەن ئۇ ئىشلىتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان كالتەكنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن يەرنى كولىدى، ھايالسىزلا دالدىلانغۇدەك بىر كامارنى پەيدا قىلدى. ئاندىن ئىچىگە كىرىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغانچە سىرتتىكى شەپە ـ تىۋىشلارغا قۇلاق سېلىشقا

باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تەرەپ ـ تەرەپتىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە يەنە بىر يولۋاس دەھشەتلىك ھۆكىرەيتتى.

«نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، — دېدى توشقان تېڭىرقاپ، — بۇ يەردە يىرتقۇچلارنىڭ يىغلىشى بولۇۋاتامدۇ ـ يا.»

شۇ چاغ بۆرىلەرنىڭ دۈپۈرلىشىپ بىر نېمىگە ئېتىلغان تىۋىشى ئاڭلاندى، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئورمانني زىلزىلىگە سالدى.

ھە، ئەسلىي بۇ يەردە يىرتقۇچلارنىڭ بىر مەيدان ئۇرۇشى يۈز بېرىۋېتىپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئاق توشقان، — ئۇلار نېمە تالىشىۋاتقاندۇ.

ئۇنىڭ قىزىقىشى ئاخىرى قورقۇنچىنى بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستاغىنە كاماردىن بېشىنى چىقىرىپ، ئوت ـ چۆپلەر دالدىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆزەتتى.

بۇ يەردە ھەقىقەتەن يولۋاس بىلەن بۆرىلەرنىڭ دەھشەتلىك جېڭى يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرىنىڭ توشقانغا ياكى باشقا بىر نەرسىگە قارىغۇدەك چولىسىمۇ يوق ئىدى.

ئەنە، نەچچە ئونلىغان بۆرە ھەر تەرەپتىن يولۋاسقا ئېتىلدى، يولۋاس بولسا بىرلىرىنى چىشلەپ، بىرلىرىنى كۈچلۈك ئالدى پۇتلىرى بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇرماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۈچ ۋە غەيرىتىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى.

دەسلەپكى ھۇجۇمدا زەربە يېگەن بۆرىلەر كەينىگە يېنىشتى، بىراق يەنىلا يىراق كەتمەي يولۋاسقا 15 ـ 20 چامدام نېرىدىن ھۇرپىيىپ، خىرىس قىلىپ تۇرۇشاتتى، يولۋاس بولسا ــ دۈشمەنلىرىم ئەمدى قاياقتىن كېلەركىن ــ دېگەندەك ھوشيارلىق بىلەن ئۇلارنى كۆزەتكەچ بىر ئورۇندا توختىماي چۆرگىلەيتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ سان جەھەتتە كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ قوتۇلۇش خىيالى يوقتەكلا ئىدى.

شۇ چاغ يولۋاس چۆرگىلەپ يۈرگەن جايدىكى قويۇق چۆپلەر ئارىسىدىن بىر جۈپ يولۋاس بالىسىنىڭ ئۇماققىنە بېشى كۆرۈندى، ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھەر تەرەپكە قارىشاتتى، بوشقىنە غىڭشىپ قويۇشاتتى. يولۋاس ئۇلارنى تىنچلاندۇرماقچى بولغاندەك توختاپ ئۇلارنى پۇراپ ـ يالاپ قويدى.

ھەئە، ئەسلىدە ئۇ بىر ئانا يولۋاسكەن ـ دە، ــ ئويلىدى ئاق توشقان، ــ شۇڭا قېچىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈرەك پارىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىۋېتىپتۇ.

شۇ چاغ بۆرىلەر يەنە ھەر تەرەپتىن غالجىرلىق بىلەن يولۋاسقا ئېتىلدى، يولۋاس كۈچۈكلىرى دەرھال ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا چۆكتى، يولۋاس ئۇلاردىن يىراقلاشماي غالجىرلاشقان بۆرىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، بۆرىلەردىن تۆت ـ بەشى ئۇنىڭ زەربىسىدە يەر چىشلىدى، ئۆزىمۇ نەچچە يېرىدىن زەخىملىنىپ قىپقىزىل قانغا بويالدى، ھالسىرىدى.

بۆرىلەر يەنە كەينىگە يېنىپ، بىر مەھەل ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشتى، ئاندىن يەنە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى، يولۋاسمۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئېلىشتى، بىراق ئەمدى ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىلگىرىكىدەك چاققان ئەمەس، زەربىسىمۇ ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بۆرىلەر بولسا ھەر تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ ئۇنى تالىماقتا، چىشلىمەكتە ئىدى. يول - يول قارا سىزىقلار بىلەن تولغان ساپسېرىق تېرىسىنى نەچچە يەردىن تىتما - تىتما قىلىپ، ئالىقاندەك - ئالىقاندەك گۆشلەرنى يۇلۇپ ئالماقتا ئىدى.

ئاخىرى يولۋاستەك زەئىپلىشىپ كۈچ ئېلىشالمىدى - دە، ئەنسىز غىڭشىۋاتقان كۈچۈكلىرى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇلارنى ئۆز تېنى بىلەن مۇھاپىزەت قىلماقچى بولدى. بۆرىلەر بولسا تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. يولۋاسنىڭ ئېچىنىشلىق ھۆركىرىشى ئورماننى لەرزىگە سالدى.

بىچارە، ئەمدى ئۆزىمۇ، جان تىكىپ قوغداۋاتقان بالىلىرىمۇ ۋەھشىي بۆرىلەرگە يەم بولىدىغان بولدى - دە.

شۇ چاغ ئاق توشقان ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كاماردىن چىقىپ، پېرىخون سوۋغات قىلغان كالتەكنى قولىغا ئالدى.

ئۇمۇ بىر يىرتقۇچ، بىز توشقانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بىراق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭ بىچارە ھالىنى، دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا ئۇزاق بولمىغان بالىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرۇپ، جىم يېتىۋالسام قانداق بولغىنى...

ئۇ شۇنداق ئويلاۋېتىپ بىردىنلا كىچىككىنە جىسمىدا ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان يېڭى بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت ـ جاسارەتنى ھېس قىلدى ـ دە، كالتەكنى چىڭ سىقىملاپ، ئىككىلەنمەستىن نەچچە تاقلاپلا جان تالىشىۋاتقان يولۋاس ئۈستىگە ئولىشىپ تالاۋاتقان بۆرىلەرگە تاشلاندى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئىنى ئۇچ غېرىچچە كالتەك پولات گۈرزىدەك ھەر ئۇرۇلۇشىدا بىر بۆرىنى تىك موللاق ئاتقۇزدى، كۈتمىگەن زەربىگە دۇچ كەلگەن بۆرىلەر سەل تېكىرقاشتى، ئاندىن ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ بىر توشقان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ساق يېرى قالمىغان يولۋاسنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىلىشتى، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، ھەربىرى ئۇنى ئۆزىلا ئۇلجا قىلىشقا ئالدىراشتى.

بىراق ئاق توشقان ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن يەردىن چىقىپ، كالتىكى بىلەن ئەجەللىك زەربە بەردى، ئۇنى «ھاپ» قىلىپلا يۇتماقچى بولغان بۆرىلەر ئۆزئارا ئۆتمەيلا جەڭ مەيدانىغا نەچچە ئون ھەمراھىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىشتى. يىراق ـ يىراقلارغا قېچىشتى. ئاق توشقاننىڭ بولسا بىرتال موييغىمۇ زەخمە يەتمىدى.

خۇداغا شۈكۈر، ــ دېدى ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ــ بۇ بۆرىلەردىن ئاتا قىساسىمنى ئېلىپ، توشقانلار جەمەتىدىن تۇنجى بولۇپ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلغان ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان قەھرىمان بولۇپ قالدىم، يەنە تېخى بىچارە يولۋاسنى ھەم ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئاسراپ قالدىم. بىراق، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، ــ

بۇ يولۋاس ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى كېيىن ۋاپاغا جاپا قىلىپ، قېرىنداشلىرىمغا بىر ئاپەت بولۇپ قالارمۇ؟

شۇ چاغ يولۋاس بوشقىنە ھۆركىرەپ قويىدى، بىراق ئۇنىڭ ھۆركىرىشى ئەمدى تەھدىت تۈيغۇسى پەيدا قىلمايتتى، بەلكى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتقىنىنى ئىپادىلىمەكچىدەك ئىدى. ئاندىن ئۇ مېھرى بىلەن بالىلىرىنى يالاپ قويىدى، بالىلىرىدىن بىرى ئۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېمىۋاتاتتى، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ جاراھىتىنى يالايتتى.

«تاپتىم، — دەپ تووۋلىۋەتتى ئاق توشقان بىردىنلا، — جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپتىم، بىراق ئۇنى قانداق قىلىپ پېرىخونغا يەتكۈزىمەن.»

ئۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. يېقىندىلا كىملەردۇ تاشلاپ كەتكەن بىر تال خىرۇستال قاچا قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. ئاق توشقان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلدى، ئاندىن يولۋاسقا مۇراجىئەت قىلدى:

— ماڭا سۈتۈڭدىن بەرسەڭ، ئۇنى پېرىخونغا جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە سۈپىتىدە سوۋغات قىلماقچى ئىدىم، بولامدۇ؟

يولۋاس ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن ئېمىۋاتقان بالىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ كېلىپ سېغىۋال دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

ئاق توشقان يۈرەكلىك ھالدا يولۋاسنىڭ يېنىغا باردى، — دە، خىرۇستال قاچىغا تۆت — بەش تامچىدەك سۈت سېغىۋالدى،

ئاندىن يولۋاس بىلەن خوشلىشىپ، پېرىخونىنىڭ ماكانى تەرەپكە راۋان بولدى.

## 5. رېزىنكە بالىنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

رېزىنكە بالا قويۇندا ئۇچۇپ بارغانچە باش ـ ئايىغىغا كۆز يەتكۈسىز بىر يولغا تاشلاندى، يول چەكسىز كەتكەن چۆل ـ جەزىرە باغرىدا يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول گويا بىر ئۇپۇق تەكشىلىكىدىن باشلىنىپ، يەنە بىر ئۇپۇق تەكشىلىكىگە تۇتىشىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

«بۇ يولدا ماڭغۇچىلار بىر ئۆمۈر يول يۈرۈپمۇ مەنزىلگە يېتەلمەمدۇ نېمە؟ — دېدى رېزىنكە بالا ئۆز ـ ئۆزىگە، — جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى قەيەردىنمۇ تاپارمەن. جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمىدۇ؟ ئالتۇنمىدۇ؟ يا گۆھەرمىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بارمىدۇ؟ ...»

رېزىنكە بالا بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىرى يەنە تەۋەككۈل يورغىسىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. نەگە بېرىش، نەدە توختاشنى بىلمەيتتى، لېكىن ئۇ شۇنداقتىمۇ مېڭىۋەردى. قۇياش ئاتەش تەپتى بىلەن ئۇنى قىزدۇرماقچى بولاتتى. يول ئۇزاقلىقى بىلەن ئۇنى ھارغۇزماقچى بولاتتى. بىراق ئۇ كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ قىزدۇرۇشلىرىدىن ھالسىراپ قالمىدى، يول ئازابىدىن چارچاپ قالمىدى. بەلكى توختىماي ئالدىغا قاراپ

كېتىۋەردى.

شۇنداق كېتىۋېتىپ ئۇ بىر فارفۇر كومزەكنى يولۇقتۇردى، كومزەكنىڭ ئاغزى ھەم ئېتىلگەن بولۇپ، ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بۇنى كىم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ ئىچىدە نېمە باردۇ؟ — رېزىنكە بالا توختاپ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى، — بۇ نەرسە بىكاردىن ـ بىكارغا بۇ يەردە تۇرۇپ قالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىراق كومزەك ئەتراپىدىن بىرەر ئىنساننىڭ ئاياغ ئىزىنى تاپقىلى بولمايتتى، گويا بۇ كومزەك ئاسماندىن توككىدە چۈشۈپ قالغاندەكلا ئىدى.

رېزىنكە بالا بىر ھازا تېڭىرقىغاندىن كېيىن ئاخىرى كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ۋاھ! ئىچىدە ساپلا ئالتۇن تەڭگە بار ئىكەنغۇ.

رېزىنكە بالىنىڭ بۇ تەڭگىلەرنى ساناپ باققۇسى كەلدى ـ دە، كومزەكنى قولىغا ئېلىپ، دۈم كۆمتۈردى، ئۇنىڭدىن شاراقلاپ ئالتۇن تەڭگىلەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بىر تال، ئىككى تال ... بەش تال، ئالتە تال ... 10 تال، 11 تال ... ئاخىرى رېزىنكە بالا ساناپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، تېزلا يول ئۈستىدە بىر ئالتۇن تەڭگە دۆۋىسى ھاسىل بولدى، بىراق كىچىككىنە كومزەكتىن تەڭگىلەرنىڭ تۆكۈلۈشى زادىلا توختىمىدى.

رېزىنكە بالا كومزەكنىڭ ئاغزىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئىچىگە

قارىدى، ئىچىدە يەنىلا تەڭگىلەر لىققىدە تۇراتتى، بىرەر تال كەملەپ قالغاندەك ئەمەس ئىدى.

«بۇنىڭدا نېمە سىر - ھېكمەت باردۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە شىۋىرلاپ، — ئەجەپ دۇم كۆمتۈرسىلا ئالتۇن تەڭگىلەر توختىماي تۆكۈلۈۋېرىدىكەن.»

ئۇ كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، ھەممە تەرىپىگە ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، لېكىن سىر - ھېكمىتىنى بىلمىدى، ئاخىرى: «بولدىلا، — دېدى ئۇ يەنە، — ئۇنىڭ نېمە سىر - ھېكمىتى بارلىقىنى بىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى، ئەڭ مۇھىمى مەن بىر ئالتۇن كانىغا، تۈگىمەس خەزىنىگە ئىگە بوپتىمەن، جاھاندا بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بولماس، ئەمدى ئۇنى پېرىخونغا سوۋغات قىلاي، ئۇ چوقۇم رازى بولىدۇ. بىراق، — دېدى ئۇ يەنە غەمگە پېتىپ، — پېرىخوننىڭ ماكانىغا قايسى تەرەپكە ماڭسام يېتىپ بارىدىغاندىمەن.»

ئوڭ تەرەپكە قارىدى «بۇياققا ماڭ، ئۇياققا ماڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەمدىلا بىر قەدەم ئېلىشى سول تەرىپىدىنمۇ ئاۋاز كەلدى: «بۇياققا ماڭ، بۇياققا ماڭ ...»

رېزىنكە بالا مېڭىشتىن توختىدى، زادى قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي بىر ئاز تېڭىرقىدى، ئاخىرى يەنە ئىلگىرى ماڭغان تەرەپكە كېتىۋېرىشنى قارار قىلدى. كومزەكنى قولتۇقلاپ يولىنى داۋام قىلدى.

قانچىلىك ماڭغىنى نامەلۇم، بىر چاغلار ئۇدۇلدىن ئەپتى ـ ئەڭلىزى قورقۇنچلۇق بىر قاراقچى چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ قولىدا جانغا ۋەھىمە سالغۇچ ئۆتكۈر تىغ ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا رېزىنكە بالىنىڭ ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتتى، بوينىغا ئېسىلغان قىزىل ياقۇت يۈرەك پۇلاڭشىپ كەتتى.

ــ ھەي بالا، ــ توۋلىدى قاراقچى ــ توختا، ئېلىپ كېتىۋاتقىنىڭ نېمە؟

رېزىنكە بالا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قورقۇنچ ھېس قىلدى، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ، سۆزگە كەلمىدى. قاراقچى بولسا ئىككى تاقلاپ كېلىپلا كومزەكنى تارتىۋالدى ـ دە، ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى، لېكىن ئالتۇن تەڭگىلەرنى كۆرگىنىدە يىرگىنىش بىلەن كومزەكنى تاشلىۋەتتى.

ــ بۇنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، ماڭا كېرىكى سۇ، سۇ، سۇ ... ــ كارنىيى يىرتىلغۇدەك توۋلىدى ئۇ، ــ نېمىشقا سۇ ئەكەلمىدىڭ، ئېيت، قەيەردە سۇ بار، ئېيتىپلا بەرسەڭ سېنى تىرىك قالدۇرىمەن، بولمىسا سېنى بوغۇزلاپ قېنىڭنى ئىچىمەن.

ــ بىراق مەن رېزىنكە قورچاق تۇرسام، ــ دېدى رېزىنكە بالا ئاخىرى زۇۋان سۈرۈپ، ــ مېنى بوغۇزلىسىڭىز قان چىقمايدۇ. بۇ خىسلەتلىك كومزەكنى سىزگە بېرىۋېتەي، مېنى ئامان قويۇڭ بولامدۇ.

ــ ھاماقەت، ــ توۋلىدى قاراقچى ئەسەبىيلىك بىلەن، ــ بۇ چۆلدە ماڭا ئالتۇن تەڭگىنىڭ نېمە كېرىكى، ئۇنى يا سۇ ئورنىدا

ئىچكىلى بولمىسا، ئېيتە، قەيەردە سۇ بار، ماڭا كېرىكى سۇ، سۇ بار يەرنى ئېيتىپ بەرسەڭ سېنى ئامان قالدۇرىمەن، يەنە تېخى ئۆزۈمنىڭ خەزىنەم كۆمۈلگەن يەرنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇ يەردىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ كومزەك ئالتۇنغا ئېرىشىسەن.
تېز ئېيت قەيەردە سۇ بار، ئېيتمىساڭ هازىرلا قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن. شۇ تاپتا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەيلا دېدىم ...
رېزىنكە بالىنىڭ بوينىدىكى قىزىل ياقۇت بۇلاپكا تېخىمۇ قاتتىق پۇلاڭشىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىدى:
ــ مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسىڭىز بىر بۇلاق بار. بىراق قانچىلىك مېڭىشىڭىزنى بىلمەيمەن.
ــ بولدىلا، ــ دېدى قاراقچى گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ــ دېگىنىڭدەك بولسىلا بولدى، مەن هامان يېتىپ بارىمەن.
شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. رېزىنكە بالا دەرهال كومزەكنى كۆتۈرۈپ يولىغا ماڭدى.
يەنە قانچىلىك ماڭغىنى نامەلۇم بىر چاغلاردا يول بويىدا تۇرغان يەنە بىر فارفۇر كومزەككە كۆزى چۈشتى: ئۇنىڭدا نېمە باردۇ؟
رېزىنكە بالا قىزىقىش ئىچىدە قولىدىكى كومزەكنى يەرگە قويۇپ، يەردىكى كومزەكنى قولىغا ئالدى، ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى، كومزەك ئىچىدىن چاقنىغان رەڭگارەڭ نۇر جىلۋىدىن كۆزلىرى قاماشتى، كومزەك ئىچىدە خىلمۇخىل گۆهەر تاشلار،

ياقۇت، زۇمرەت، مەرۋايىت، قەھرىۋا، بىرىلىيانت ... دېگەندەكلەر جۇلالاپ نۇرلىنىپ تۇراتتى.

«ۋاھ! ئالتۇندىنمۇ قىممەت باھالىق گۆھەر تاشلارغا ئېرىشىپتىمەنغۇ، — دېدى رېزىنكە بالا خۇشال بولۇپ، — قېنى قانچىلىك باركىن كۆرۈپ باقاي ...»

شۇنداق دەۋېتىپ كومزەكنى دوم كۆمتۈردى، كومزەكتىن شارىلداپ گۆھەر تاشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇلارنى ساناپمۇ ئۈلگۈرمەيتتى، بۇ گۆھەر تاشلار كومزەك ئىچىدە تۇرغىنىدا پۇرچاقتەك ـ ماشتەك چوڭلۇقتا بولسىمۇ، يەرگە چۈشكىنىدە تۇخۇمدەك، ئالمىدەك، ھەتتا تاۋۇزدەك چوڭىيىپ چۈشتى، تېزلا بىر دۆۋە ھاسىل قىلىپ، رېزىنكە بالىنى كۆمۈپ تاشلىدى. رەڭگارەڭ نۇرلىنىپ، چۆل باغرىدا ئۆزگىچە بىر مەنزىرە ھاسىل قىلدى.

رېزىنكە بالا زورۇقۇپ يۇرۇپ گۆھەر دۆۋىسىدىن گۆھەر كومزىكنى قۇچاقلاپ سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، كومزەك ئىچىگە قارىدى، كومزەكتىكى گۆھەر تاشلاردىن بىرەر تالمۇ كېمىيىپ قالغاندەك ئەمەس ئىدى.

«ۋاھ! — دېدى رېزىنكە بالا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپ، — بۇ بىر گۆھەر خەزىنىسى، گۆھەر كانىكەنغۇ، بەلكىم پېرىخونغا بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك سوۋغات تېپىلماس.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گۆھەر كومزىكنى كۆتۈرۈپ يولنى داۋام قىلدى، ئالتۇن تەڭگە كومزىكى بولسا شۇ يەرگە تاشلىنىپ

قالدى، چۈنكى رېزىنكە بالىنىڭ بۇ كومزەكلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك كۈچ ـ ماغدۇرى يوق ئىدى.

يەنە قانچىلىك ماڭغىنى نامەلۇم، بىر چاغلاردا رېزىنكە بالا ئاران ـ ئاران دەسسەپ، قەدەمدە بىر سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان، جۇلدۇر كىيىملىك بىر تىلەمچىگە يولۇقتى.

ـــ سەدىقە بېرىڭ، ـــ دەپ قول سۇندى تىلەمچى بىچارىلىق بىلەن، ـــ ئاللا تائالا قىلغان سەدىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي.

رېزىنكە بالىنىڭ كۆكسىدە پۇلاڭشىپ تۇرغان قىزىل ياقۇت يۈرەكتىن چىققان بىر سوغۇق ئېقىم ۋۇجۇدىغا تارالدى، ئىچى ئېچىشقاندەك بولدى، ئۇ دەرھال گۆھەر كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۆۋەنگە قاراتتى، شۇ ھامان يەرگە شارىلداپ گۆھەر تاشلار تۆكۈلدى، تېزلا بىر دۆۋە ھاسىل قىلدى.

ـــ ئېلىڭ، ـــ دېدى رېزىنكە بالا، ـــ بۇنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بېرەي، باي بولىسىز، موھتاجلىقتىن قۇتۇلىسىز.

تىلەمچى قۇرۇق قاقشال قوللىرىنى سوزۇپ، تۇخۇمدەك بىر تال مەرۋايىتنى ئېلىپ چىشلەپ باقتى، بىراق چىشى ئۆتمىدى ـ دە، ئاچچىق بىلەن تاشلىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

ـــ بۇنىڭ ئورنىدا بىر بۇردا بولسىمۇ نان بولسىچۇ، بىر نېمە يېمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى. بۇ نېمىلەرنى يا يېگىلى بولمىسا، ماڭا نېمە كېرىكى، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، سەندىمۇ بۇلاردىن باشقا بىر نەرسە بولمىسا كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە يولىغا ماڭدى، گۆھەر دۈۋىسى كەينىدە قالدى.

رېزىنكە بالىنىڭ ئۆمرىدە ياش كېلىپ باقمىغان كۆز چاناقلىرىدا تۇنجى قېتىم ياش لىغىرلىدى.

«توغرا، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ، — يا ئاچلىق، يا ئۇسسۇزلۇقتا دال بولمىسا بۇ گۆھەر تاشلارنىڭ نېمە كېرىكى، بەلكىم ئاۋات شەھەر ـ بازارلاردا بولسا بۇلارنىڭ ئەتىۋارى بولاتتى، شاھلار قەدىرلەپ خەزىنىلىرىدە ساقلايتتى، شاھلىق تاجلىرىغا كۆز قىلاتتى. خانىش مەلىكىلەر بۇلاردىن ئاجايىپ نەپىس زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ياسىتىپ، ئۆزلىرىنى زىننەتلەيتتى، بىراق بۇ يەردە بۇلارنىڭ نېمە كېرىكى، شەھەر ـ بازارلاردىن ناھايىتى يىراقتا، خىلۋەت بىر جايدا تەنها ماكان تۇتقان پېرىخونغا نېمە كېرىكى، مەن يەنىلا جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشەلمەپتىمەن، تېخى ئۇنى تاپالماپتىمەن.»

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ گۆھەر كومزىكىنى تاشلاپ يولىنى داۋام قىلدى، جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىش ئىستىكى ئۇنى ھامان ئالغا ئۈندەيتتى، جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمىدۇ؟ دېگەن سوئال كۆز ئالدىدىن ئۆچمەس بىر ھەرپ تىزمىسى بولۇپ ۋە قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەس بىر سادا بولۇپ ياڭراپ تۇراتتى، شۇنداق كېتىۋېتىپ ئۇ يەنە بىر كىچىككىنە فارفۇر كومزەككە دۇچ كەلدى، ئىچىگە قارىغانىدى

لىققىدە تولغان خىلمۇخىل مېۋىلەرنى كۆردى، بۇ كومزەكتىن جاھاندا باركى مېۋىلەر ھەممىسى تېپىلىدىغاندەكلا ئىدى، لېكىن بۇ مېۋىلەر ئادەتتىكىدىن خېلىلا كىچىك ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچلار پۇرچاقتەك، قوغۇن - تاۋۇزلار ئالمىدەك كېلەتتى. مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ئۇششىقى بولغان جىنەستىلەر بولسا ماشچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى.

ئىستەي، — دېدى رېزىنكە بالا، — بۇ كومزەك بايىقى تىلەمچىگە ئۇچرىغان بولسىچۇ، ئۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قۇتۇلار ئىدى. ئەجەب ئۇنىڭغا ئۇچرىماي ماڭا ئۇچرىغىنىنى قارىمامدىغان، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاپىرىپ بېرەيمۇ يە، بىرەر جايدا يىقىلىپ يېتىپ قالغان بولسا يېتىشۇېلىشىم مۇمكىن ...

شۇنداق ئوي - پىكىر بىلەن ئۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ، مېۋە كومزىكىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

يۈگۈردى، يۈگۈردى، گۆھەر كومزىكى تاشلىنىپ قالغان جايدىنمۇ ئۆتتى، ئالتۇن كومزىكى ۋە ئالتۇن دۆۋىسى قالغان جايلاردىنمۇ ئۆتتى، بىراق تىلەمچى كۆرۈنمىدى، پەقەت يولدىن خېلىلا نېرى بىر جايدا تاپخور قۇشلارنىڭ نېمىگىدۇر ئولىشىۋېلىپ، تالىشىپ - تارتىشىپ، چوقۇلاۋاتقىنىنى كۆردى.

«بىچارە، — دېدى رېزىنكە بالا، — ئاخىرى ئاچلىق ئازابىدىن يىقىلىپ، روھى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ - دە، تاپخور قۇشلار چوقۇلاۋاتقىنى چوقۇم ئۇنى جىسمى.»

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشقاندەك ھېس قىلدى، كۆكرىكى ئۈستىدە پۇلاڭشىپ تۇرغان قىزىل ياقۇت يۈرىكىدىن جىژىلدىغان ئاۋاز چىقتى.

رېزىنكە بالا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە مېۋە كومزىكنى كۆتۈرگىنىچە بۇرۇنقى يولىغا قايتتى، بىراق ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھالسىرىغاندەك بولدى، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، قەدەملىرى ئاستىلاپ قالدى، شۇنداقتىمۇ توختىماي ماڭدى، ئالتۇن دۆۋىسىدىنمۇ، ئالتۇن كومزىكى تاشلىنىپ قالغان جايدىنمۇ ئۆتتى، گۆھەر كومزىكى ۋە گۆھەر دۆۋىسى تاشلىنىپ قالغان جايدىنمۇ ئۆتتى، كەچ كىرگىنىنى تۇيمايلا قالدى. سالقىن تۇن شامىلى ئۇنىڭ ئاپتاپتا قىزىرىپ ئېرىپ كېتەيلا دەپ قالغان جىسمىنى سوۋۇتۇپ، ئارامىلىق بېغىشلىدى، بەكمۇ ھۇزۇر ھېس قىلدۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن رېزىنكە بالا تېتىكلىشىپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى، تۈگىمەيدىغان يول يوق دېگەندەك تاڭ ئاتقاندا يولنىڭ بېشىغا، بىر خارابە كەنتكە دۈچ كەلدى. بۇ يەردە يەتتە - سەككىزدەك ۋەيرانە كەپە يېتىمسىراپ تۇراتتى، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە تۈپ دەرەخ شېخىدا بىر نەچچە توك قاغا ئەنسىز قاقىلداپ ئولتۇراتتى.

رېزىنكە بالا كەنتكە كىردى، باسقان ئىزىدىن پۇرقىراپ چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

ئۇ كەنتنى بىر ئارىلىدى، بىراق بىرەر ئىنسان كۆرۈنمىدى،

ھەتتا بىرەر ئىت، مۈشۈك ياكى بىرەر توخۇ چاغلىق بىر نېمە يولۇقمىدى، قارىغاندا ھېلىقى توك قاغىلار بۇ خارابە كەنتنىڭ بىردىنبىر ئىگىلىرىدەكلا قىلاتتى.

رېزىنكە بالا ئەمدى كەپىلەرنى ئارىلىدى، بىراق ھەممىسىدە تاشلىنىپ قالغان ئەسكى ـ تۈسكى تاشلاندۇقلاردىن باشقا نېمە يولۇقمىدى. ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغىنىدا تېخى كىرىپ باقمىغان ئەڭ چەتتىكى بىر كەپىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى كەلدى.

ئالدىراپ شۇ ئۆيگە كىردى، ھەممە يېرىدىن تويا يېغىپ تۈرىدىغان كونا ئۆيدە، يىرتىق كىگىز سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە بىر ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ئولتۇرغان، بىر ئاق چاچلىق موماي ئۇنىڭ تىزىنى تەكىيە قىلىپ ئىڭراپ ياتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك قورۇق قاپلىغان ۋە چاڭ باسقان يۈزلىرىدىن غەم ـ قايغۇ يېغىپلا تۇراتتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـــ سالام بەردى رېزىنكە بالا.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـــ سەل چۆچۈپرەك سالام قايتۇردى بوۋاي، موماي بولسا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن شۇنداقلا بىر قاراپ قويىدى، ئۈندىمىدى.

ـــ بۇ كەنتتە سىلەردىن باشقا ئادەم يوقمۇ؟ ـــ سورىدى رېزىنكە بالا.

ـــ يوق، ـــ دېدى بوۋاي، ـــ ھەممىسى كەتتى، قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن تېزىپ كەتتى، پەقەت

ماڭغۇدەك ماغدۇرى قالمىغان بىز بىر جۈپ قېرىلا قالدۇق، بىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ياشىغان، مۇشۇ يەردە تويى قىلىپ، پەرزەنتلىك، نەۋرىلىك بولغان، مانا ئەمدى ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنىمۇ بۇ يەردە بىللە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

— سىلەر نېمىشقا باشقىلار بىلەن بىللە كەتمىدىڭلار؟ — سورىدى رېزىنكە بالا، — باشقا جايلاردا كۆن كەچۈرگۈدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشىپ قالاتتىڭلار، بۇ يەردە ئەجەل كۈتۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى.

— ئۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالغىلى خېلى بولدى، — دېدى بوۋاي مومايىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — كۆزىمۇ تازا ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇنى تاشلاپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ۋە بىر ئۆمۈر ياشىغان بۇ ئەزىز ماكانىمنى تاشلاپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس، مەن بۇ يەردە قەدىناسىم بىلەن بىللە بولۇشنى، مەڭگۈ مۇشۇ تۇپراق قوينىدا بىللە بولۇشنىلا ئويلايمەن.

— پەرزەنتلىرىڭىز سىلەرنى تاشلاپ كېتىشكە چىدىدىمۇ؟ — يەنە كوچىلاپ سورىدى رېزىنكە بالا.

— ياق! — دېدى بوۋاي، — ئۇلار بىزنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمىغان ئىدى. بىزنى بىللە ئەكەتمەكچى ياكى ئۆزلىرىمۇ بۇ يەردە قالماقچى بولغانىدى. بىراق بىز خالىمىدۇق، ئۇلاردىن بىزنى بۇ مەڭگۈلۈك ئارامگاھىمىزدا قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق، ئۇلار چۈشەندى، بىزنى ئازابلاشنى، ئۆز خاھىشلىرىغا بويسۇنۇشقا

مەجبۇرلاشنى خالىمىدى، ئاخىرى قىپقالغان ھەممە ئۇزۇقلۇق ۋە سۇنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى، توغرىسى بىز ئۇلارنى قوغلىدۇق، چۈنكى ئۇلار ياشىشى كېرەك، ئەۋلادلىرىنى بېقىشى، تەربىيەلىشى كېرەك، ئىمكان بولسا كېيىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئانا ماكانىمنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

— بوۋا، — دېدى رېزىنكە بالا، — سىزگە بىر كومزەك مېۋە ئېلىپ كەلدىم، ئۇ سىزنى يېمەك - ئىچمەك غېمىدىن خالاس قىلىدۇ، ئۇ بولغاندىن كېيىن بەلكىم پەرزەنتلىرىڭىز قايتىپ كەلگىچە ياشاپ قېلىشىڭىز، ئۇلار بىلەن دىدارلىشىشىڭىز مۇمكىن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ كومزەكتىكى مېۋىلەرنى تۆكتى، كومزەكتىن سۇپا ئۈستىگە تورۇكلاپ ئالما، ئانار، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، توغاچ، ئۈزۈم، ئامۇت، قوغۇن - تاۋۇز، گىلاس، جىنەستە، پىستە، بادام ... دېگەندەك خىلمۇخىل مېۋىلەر توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى، بىراق بۇلار كومزەك ئىچىدە كۆرۈنگەندەك ئۇششاق ئەمەس ئىدى. جىنەستىلىرى ئۆرۈكتەك، ئۆرۈكلىرى ئالمىدەك، ئالمىلىرى تاۋۇزدەك، تاۋۇزلىرى قۇچاق يەتمىگۈدەك يوغان ئىدى، بەكمۇ خۇشبۇي ۋە شېرىن شەربەتلىك بولۇپ، گويا جەننەتتىن كەلتۈرگەندەكلا ئىدى.

شۇ چاغ مومايىنىڭ چېھرىدە خاتىرجەملىك ۋە شادلىق كۆلكىسى جىلۋە قىلدى - دە، كۆزلىرى يۇمۇلدى، بېشى شىلىققىدە بىر تەرەپكە قىيسايدى.

بوۋاينىڭ مېۋە - چېۋىلەرنى كۆرۈپلا چېھرىدە پارلىغان شادلىق كۈلكىسى بىردىنلا ئۆچۈپ، كۆز چاناقلىرىدىن لۆمشۈپ، چىققان ياشلىرى تۆكۈلدى.

— كىچىكتى، بەك كىچىكتى، — دېدى ئۇ ھالسىرىغىنىچە، — ئەمدى بۇلارنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، ئۇ كەتتى، بەلكىم روھى ماڭا ئىشىك تۈۋىدە ساقلاۋاتقاندۇ، چۈنكى بىز ئىككىلا ئالەمدە بىللە بولۇشقا ۋەدىلەشكەن. ئەمدى مەنمۇ تېزرەك مېڭىشىم، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك.

— ياق، بوۋا، ياق! — توۋلىۋەتتى رېزىنكە بالا، — ئۇ سىزنىڭ ياشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىز ياشىشىڭىز كېرەك. پەرزەنتلىرىڭىز سىزگە موھتاج، ئۇلار قايتقاندا سىز ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىشىڭىز، بۇ ئەزىز ماكانىڭلارنى قايتىدىن گۈللەندۈرگىنىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشىڭىز كېرەك.

— ياق، — دېدى بوۋاي قەتئىيلىك بىلەن، — مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، رەھمەت ساڭا ئوغلۇم، سەن بۇ خاسىيەتلىك مېۋە كومزىكىڭنى موھتاجلارغا يەتكۈزۈپ بەرگىن، مەن ئىلگىرى ئۇنىڭغا موھتاج ئىدىم، ئۇ بۇرۇن بولغان بولسا قەدىناسىم ئامان قالغان بولاتتى، بىراق ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، — ئارقىدىن ئۇ يەنە سەل تىنىۋېلىپ شىۋىرلىدى، — توختاپ تۇرۇڭ، ماڭا ساقلاڭ، مانا مەنمۇ كەلدىم... — شۇنداق شىۋىرلاۋېتىپ ئۇنىڭ تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرى يۇمۇلدى، قورايدەك ئۇرۇق گەۋدىسى

بولسا مومايىنىڭ جانسىز جىسمى ئۈستىگە ئاغدۇرۇلدى.

«ئاھ! خۇدا! — دېدى رېزىنىكە بالا نالە قىلىپ، — ئۇنىمۇ قۇتقۇزالمىدىمغۇ؟ يەنىلا كىچىكتىمغۇ، بۇرۇنراق كەلگەن بولسامچۇ كاشكى ... ئىسىت ...»

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ كۆكرىكىدە پىچاق بىلەن تىلغانغاندەك ئاغرىق سېزىمى پەيدا بولغىنىنى ھېس قىلدى. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز كۆز ياشلىرى تاراملاپ قۇيۇلدى.

بۇ كۆز ياشلىرى كۆز چاناقلىرىمدا قانداقلارچە پەيدا بولۇپ قالدىكىنە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە ھەيرانلىق بىلەن، — مەن دېگەن رېزىنىكە قونچاق تۇرسام.

بىراق ئۇ تېزلا يەنە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلاشتىن ۋاز كەچتى، ھەم تېخىچە چاڭگاللاپ تۇرغان خاسىيەتلىك كومزەكنى بىر يانغا تاشلاپ قويدى.

جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە زادى نېمە؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە شۇ بىر سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىستىكى قايتىدىن قوزغالدى ۋە پۇت - قوللىرى بوشاشقاندەك لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى - دە، ئويلاشقا باشلىدى.

شۇنداق ئولتۇرۇپ ئويلىنىش ئىچىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى سەزمىدى. بىر چاغلاردا نەتىجىسىنى ئويلىنىشتىن ۋاز كېچىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خوشلىشىش نەزىرى بىلەن بوۋايغا قارىدى.

بوۋاينىڭ قورۇق باسقان قارامتۇل يۈزلىرىدە ئۆچمەس بىر

تەبەسسۇم قېتىپ قالغانىدى. تېخى ساقىپ كەتمىگەن بىر تامچە يېشى مەڭزىدە چاقناپ تۇراتتى، بۇ بىر تامچىدا گويا بىر قۇياش پارلايتتى. ساپسېرىق ئالتۇن تەڭگىلەرنىڭ يالتىراشلىرىمۇ، گۆھەر تاشلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇچى چاقناشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا كىشىگە يېقىمسىز بىلىنەتتى. نۇرسىزلىناتتى.

— تاپتىم! — توۋلىۋەتتى رېزىنكە بالا، — مەن پېرىخونغا ئېلىپ بارىدىغان سوۋغاتنى تاپتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بوۋاينىڭ مەڭزىدىكى شۇ بىر تامچە ياشنى ئالىقىنىغا سىرغىتىپ چۇشۇرۇۋالدى ـ دە، ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى، پېرىخونىنىڭ ماكانىنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى. كۆك قەرىدە بارچە يۇلتۇزلاردىن ئۆزگىچە چاقناپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزى خۇددى ئۇنىڭ مېڭىش يولىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

تۇن ئاسمىنىدا ئاي ۋە يۇلتۇزلار كۈلۈپ تۇرغان شۇ مىنۇتلاردا كىچىك ھەمراھلار يەنە بىردىنلا پېرىخونىنىڭ تېغى باغرىدا جەم بولۇپ قالدى. ئۇلار قايتىش سەپىرىدە قانچىلىك ۋاقىت يۈرگىنى، قانچىلىك مۇساپە باسقىنى ۋە نېمىلەرگە يولۇققىنى نامەلۇم، لېكىن ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا بىرلا ۋاقىتتا مەنزىلگە قايتىپ كېلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا پېرىخونغا ئاتالغان بىردىن سوۋغات بار ئىدى. بىراق مۇز قونچاقلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا ھەپىرەڭ گۈل چىنىسىنى چېلەك قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان بىر ھەسەل ھەرىسى بار

ئىدى. ئۇلار يەنە جەم بولغىنى ئۈچۈن شاد ـ خۇراملىقتا چۆمۈپ تەنتەنە قىلىشتى، بىراق كېيىن يەنە مۇز قونچاقنىڭ يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇشتى.

شۇ چاغ يەنە پېرىخوننىڭ غارىدىن بىر قۇيۇن چىقىپ ئۇلارنى غار ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى، غاردا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىسكىلىت شامدانلاردا يېشىل شاملار يېشىل يالقۇن چىقىرىپ يېنىپ تۇراتتى، يېشىل رەڭلىك تۇتەك، تۇمانلار لەيلەپ تۇراتتى.

— جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ — سورىدى پېرىخون قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدا.

— ئېلىپ كەلدۇق، — دېيىشتى كىچىك دوستلار جاۋاب بېرىپ.

— قېنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىڭلار، — دېدى پېرىخون.

— بۇ مېنىڭ تېپىپ كەلگىنىم، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە خاسىيەتلىك كىتابنى سۇنۇپ، — ئۇ بىزگە بىلمىگەننى ئۆگىتىدۇ. يول كۆرسىتىدۇ، دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

— بۇ مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم، — دېدى مۇشۇكياپىلاق ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن مېھرىگىياھنى سۇنۇۋېتىپ، — ئۇ ھەر كىمگە ئەركىنلىك ۋە ساغلاملىق بېغىشلايدۇ.

— بۇ مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم، — دېدى ئاق بۆجەن يولۋاس سۇتى قاچىلانغان خىرۇستال قاچىنى سۇنۇۋېتىپ، — ئۇ ئانا مېھرى، مۇشۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەرقانداق بىر پەرزەنت ئۈچۈن

ئەڭ قىممەتلىك نەرسە.

— بۇ مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم، — دېدى رېزىنكە بالا ئالىقىنىدىكى ياش تامچىسىنى كۆرسىتىپ، — ئۇ بىر ئۆچمەس مۇھەببەتنىڭ يادنامىسى.

— ياخشى، — دېدى پېرىخون رازىمەنلىك بىلەن، — بىراق مۇز بالا قېنى؟

— بىلمىدۇق،— دېدى كىچىك دوستلار مەيۇسلۇك بىلەن، — بەلكىم ئۇ ھېلىلا كېلىپ قالار، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ.

— ئۇ بۇ يەردە، — دېدى شۇ چاغ ھەممىنىڭ كەينىدە ئانچە كۆزگە چېلىقماي تۇرغان ھەسەل ھەرىسى ئالدىغا ئۆتۈپ.

— ئۇ قېنى؟ بىز ئەجەب كۆرمىدۇقۇ؟ — سورىدى ھەمراھلار ئالدىراپ.

— ئۇ بۇنىڭ ئىچىدە، — دېدى ھەسەل ھەرىسى ھەپىرەڭ گۈلىنى سونۇۋېتىپ، — ئۇ ئېرىپ تۈگىگەن، بۇنىڭدىكى ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر تامچىسى، ئۇ سىلەر بىلەن يەنە جەم بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىكەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن قالغان بۇ تەۋەررۇك تامچىنى ئېلىپ كەلدىم.

— ئۇ ئېرىپ تۈگىشىپ كېتىپتىكەندە، — يىغلىۋەتتى كىچىككىنە مەلىكە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — شۇڭا بۇ يەرگە بىر شۇلا يېتىپ كېلەلمەپتۇ.

باشقا كىچىك ھەمراھلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىۋېتىشتى، غار ئىچىنى كىچىك ھەمراھلارنىڭ يىغا ئاۋازى بىرلا ئالدى.

بۆلارنىڭ يىغىسىغا چىداپ بولالمىغان پېرىخون تۇۋلاپلىۋەتتى.

— يىغلىماڭلار، مەن يىغلىغانغا ئۆچ. قايسىڭلار يىغىدىن توختىمىساڭلا ئۆنى ئوتقا تاشلايمەن، سۆغا چۆكتۈرۈۋېتىمەن…

بىراق ئۆنىڭ تەھدىتلىرى كار قىلماستىن، بەلكى كىچىك ھەمراھلارنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. يۆگۈرۈپ يۈرگەن چاشقانلارمۇ، تورلىرىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئۆمۈچۈكلەرمۇ، شامدان بولغان ئىسكىلىتلارمۇ ھەتتا پېرىخوننىڭ قۇچىقىدىكى قورقۇنچلۇق كەسلەنچۈكمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى، ئاخىرى پېرىخون ئۆزىمۇ (بەلكىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بولۇشى مۇمكىن) يىغلىۋەتتى، ئورىدەك كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چىققان تۇنجى تامچە ياش ئۇچۇپ بېرىپ، كىچىككىنە مەلىكە قولىغا ئېلىۋالغان ھەپىرەڭ گۈل چىنىسىدىكى بىر تامچىغا قوشۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مۆجىزە يۈز بەردى، قوشۇلغان بىر جۈپ تامچە ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ خىرۇستالدىن ئويۇپ ياسالغاندەك سۈزۈك مۇز قونچاققا ئايلاندى ـ دە، دىككىدە يەرگە چۈشتى، پۈتى قاتتىق گىرانىت تاش يەرگە تەگكىنىدە چېقىلىپمۇ كەتمىدى، ھەتتا دەزمۇ بولمىدى.

— ئۇ ئەسلىگە كەلدى، — تۇۋلىدى پېرىخون ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ.

— راست ئەسلىگە كەلدى! — دېيىشتى كىچىك ھەمراھلارمۇ شادلىق ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇلىرى ئىچىدە چۇرقىرىشىپ.

— مەن ئەسلىمگە كەلدىم، — دېدى مۇز قونچاقمۇ ئۇلارنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ.

كىچىك دوستلار ئەمدى شادلىق ياشلىرى تۆكۈلگەن هالدا ئۇنى قۇچاقلاشتى، هەممىسى ئولىشىپ، بىر پومزەكتەكلا بولۇپ قېلىشتى.

— بولدى قىلايلىچۇ، — دېدى ئاخىرى رېزىنكە بالا، — ئۇنىڭ پۇت - قولىنى سۇندۇرۇپ قويمايلى يەنە.

كىچىك دوستلار شۇ چاغدىلا مۇز قونچاقنى قۇچاقلىرىدىن بوشاتتى.

— مەن هېچنېمە ئېلىپ كېلەلمىدىم، — دېدى مۇز قونچاق مەيۈسلۈك بىلەن.

— ياق، — دېدى پىرىخون، — ئېلىپ كەلدىڭ. مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن، سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدىغان ئېسىل پەزىلەتنى ئېلىپ كەلدىڭ، سەن ۋە دوستلىرىڭ ماڭا يەنە قايغۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۇردۇڭلار، مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ مىننەتدار.

كىچىك هەمراهلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولۇشتى، هەم جاهاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى.

— ئەمدى بىزگە يول كۆرسىتىڭ، — دېدى شۇ چاغ كىچىككىنە مەلىكە، — بەخت ئارىلىغا قايسى يول بىلەن

ماڭىمىز؟

— سىلەر ۋەدەڭلارنى ئورۇنداپ، مېنى رازى قىلدىڭلار، — دېدى پېرىخون، — سىلەر ئەمدى كۇندۇزى قۇياش كۆتۈرۈلگەن ۋە كېچىسى ئاي چىققان تەرەپكە مېڭىڭلار، ئاخىرى بىر چوڭ دېڭىزغا دۇچ كېلىسىلەر، دېڭىزنىڭ قۇياش كۆتۈرۈلىدىغان يېرىدە بىر مارجان ئارال بار، ئۇ بەخت ئارىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ سىلەر يەتمەكچى بولغان مەنزىل. بىراق سەپىرىڭلاردا يەنە كۆرمىگەن خەتەر ۋە مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كېلىشىڭلار مۇمكىن، ئېجىل - ئىناق بولۇپ، بوشاشماس قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىلگىرىلەۋەرسەڭلار چوقۇم مەنزىلگە يېتىسىلەر، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقان هامان بىر قۇيۇن پەيدا بولدى - دە، كىچىك دوستلارنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ تاغ باغرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى، كىچىك دوستلار بۇ چاغدا مەشرىق ئاسمىنىنى قىزىللىققا پۈركەپ يېڭىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنى كۆردى، ھەتتا مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۇندۇزى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرىمۇ ھەر ھالدا غۇۋا بولسىمۇ كۆردى، كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈچىيىپ، بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلدى.

— مەنمۇ كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — بىراق هازىرچە ھەممە نەرسە بىر قات پەردە كەينىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى كىچىك دوستلار، — ھەر ھالدا غۇۋا بولسىمۇ كۆرەلىگىنىڭ بىر ئامەت.

— ئەمدى بىز مۇشۇ تەرەپكە ماڭايلى، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — مەنزىلىمىز چوقۇم شۇ تەرەپتە.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستا ۋە پەس ئۇچتى، كىچىككىنە مەلىكە گاھ قاناتلىرىنى لىپىلدىتىپ كېپىنەكتەك ئۇچسا، گاھ يەرگە چۈشۈپ رېزىنكە بالا، مۇز قونچاق، ئاق بۆجەنلەر بىلەن قوغلىشىپ، ئويناپ ماڭدى.

ئۇلار مېڭىۋېرىپ پېرىخوننىڭ تېغىدىن خېلىلا يىراقلىدى، بىر چاغلار كۆۋەجەپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر كىچىك دەرياغا دۇچ كەلدى.

— قانداق ئۆتەرمىز؟ — دېدى رېزىنكە بالا.

— ئۇچۇپ ئۆتىمىز، — دېدى مۇشۇكياپىلاق.

— ئۈزۈپ ئۆتىمىز، — دېدى مۇز قونچاق.

— سىلەر نەگە بارماقچى، — دېگەن سادا كەلدى تۇيۇقسىز كىچىك دەريادىن.

— سۆزلەۋاتقان كىم؟ — تىۋىلدى ئاق بۆجەن كىم گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال ئاڭقىرالماي.

— مەن، كىچىك دەريا، — جاۋاب بەردى كىچىك دەريا تېخىمۇ شاۋقۇنلاپ.

— بىز بەخت ئارىلىغا بارماقچى، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

— مېنىمۇ ھەمراھ قىلىۋالساڭلار ئاندىن ئۆتۈشكە يول بار، — دېدى كىچىك دەريا، — مەنمۇ شۇ ئارالغا بارماقچى.

— سەن ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىسەن، — سورىدى ئاق بۆجەن.

— مېنىڭ بېشىم مۇز تاغدا، ئايىغىم بولسا چەكسىز كەتكەن بىر قۇملۇقتا تۇتىشىپ، سۇيۇم قۇملۇقتا سىڭىپلا كېتىدۇ. مەن بەخت ئارىلىدىكى پەرىزاتتىن دېڭىزغا ياكى بىرەر چوڭ كۆلگە ئېقىپ بارىدىغان قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلماقچى.

— بىراق سېنى قانداق ئېلىپ بارارمىز؟ — سورىدى رېزىنكە بالا.

كىچىك دەريا جاۋاب ئورنىغا ئاستا - ئاستا يىغلاپ - يىغلاپ، كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ئاخىرى بىر تامچە سۇغا ئايلاندى، ھەسەل ھەرىسى ئۇنى ھەپىرەڭگۈل چېلىكىگە قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلار يولنى داۋام قىلدى، خېلى ئۇزۇن بىر مۇساپە باسقاندىن كېيىن بىر ئوت بەلبېغىغا دۇچ كەلدى، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرىغا قاراپ كىچىك دوستلار تېڭىرقاپ قالدى.

— قانداق ئۆتەرمىز؟ — سورىدى رېزىنكە بالا باشقىلارغا مەسلىھەت سېلىپ.

— ئۇچۇپ ئۆتىمىز، — دېدى مۇشۇكياپىلاق.

— ھېچقايسىڭلارنى ئۆتكۈزمەيمەن، — دېگەن سادا كەلدى ئوت يالقۇنلىرىدىن، — بىراق نەگە بېرىشىڭلارنى بىلسەم يول بېرىش - بەرمەسلىكنى ئويلىشىپ بېقىشىم مۇمكىن.

— بىز بەخت ئارىلىغا بارماقچى، — دېدى ئاق بۆجەن ئالدىغا

ئۆتۈپ.

— مېنى بىللە ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلساڭلار يول بېرىمەن، — دېگەن سادا كەلدى، يەنە ئوت بەلبېغىدىن، — مەن مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ ئەھمىيەتلىك بولۇشىنى ھەم مەڭگۇ ئۆچۈپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن، بەخت ئارىلىدىكى پەرىزات ماڭىمۇ ياردەم قىلىشى مۇمكىن.

— بىراق سېنى قانداق ئېلىپ ماڭىمىز؟ — سورىدى رېزىنكە بالا.

ئوت يالقۇنلىرى جاۋاب ئورنىغا ئاستا - ئاستا پەسلەپ، يىغىلىپ، كىچىكلەپ، نوقۇتچىلىك چوغ ھالىتىگە كەلدى. ھەسەل ھەرىسى ئۇنىمۇ ھەپىرەڭگۈل چېلىكىگە قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى. كۆپچىلىك يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى.

بىر چاغلاردا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن ئاجايىپ زور بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان رېزىنكە بالىنى دەم تارتىپ كەتتى.

كىچىككىنە مەلىكە قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى. مۇز قونچاق دەرھال ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا چۆكۈۋالدى، مۇشۇكياپىلاق بىلەن ھەسەل ھەرىسى نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قېلىشتى، پەقەت ئاق بۆجەنلا دادىللىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ توۋلىدى:

— دوستۇمنى چىقىرىپ بەر!

— سىلەر نەگە بارماقچى، — سورىدى ئەجدىھا پەرۋاسىزلىق

بىلەن، ــ ئەگەر بىكارچىلىقتىن لاغايلاپ يۈرگەن بولساڭلار ھەممىڭلارنى يۇتۇۋېتىمەن.

ــ بىز بەخت ئارىلىغا بارماقچى، ــ دېدى ئاق بۆجەن، ــ بىز ئۇ يەرگە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز.

ــ ئۇنداقتا مېنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىڭلار، ــ دېدى ئەجدىھا، ــ مەن بۇ يەردە ئۇچرىغانلا مەخلۇقنى يەپ كېتىپ، ھەممىنىڭ لەنىتىگە قالدىم، بەخت ئارىلىدىن بەلكىم ماڭا مەڭگۈ قورساق ئاچماسلىقنىڭ دورىسى تېپىلىپ قالار.

ــ بىراق سەن، ــ دېدى مۈز قونچاق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ــ بەك يوغان، بەك قورقۇنچلۇق، ھەمراھ قىلىپ ماڭساق بارغانلا يەردە سەندىن قورقۇش تۇپەيلى مالىمانچىلىق چىقىدۇ.

ــ بۇنىڭغا ئامالىم بار، ــ ئەجدىھا شۇنداق دەپلا رېزىنكە بالىنى پۈرقۈپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، كىچىكلەپ، كىچىكلەپ چۈمۈلىچىلىك بولۇپ قالدى، ھەسەل ھەرىسى ئۇنىمۇ ھەپىرەڭگۈل چېلىكىگە قاچىلىۋالدى. كۆپچىلىك يەنە يولنى داۋام قىلدى.

بىر چاغلاردا ئۇلار ھەيۋەتلىك بىر تاغ تىزمىسىغا دۈچ كەلدى، ئۇنىڭ چوققىلىرى تىك ۋە ئېگىز، ئاق ۋە كۆك مۈز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆتۈشكە يول يوق ئىدى.

ــ قانداق ئۆتىمىز؟ ــ مەسلىھەتكە چۈشتى كىچىك

ھەمراھلار ئۇچۇپ ئۆتۈشكىمۇ، يامىشىپ ئۆتۈشكىمۇ مۇمكىن ئەمەستەك.

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى خېلى داۋاملاشتى، لېكىن تۈزۈك بىر ئامال تاپالمىدى.

— بىز بىرەرسىنىڭ ياردىمىگە موھتاج، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — ھازىر كىممۇ ياردەم قىلار.

— بىزگە ياردەم قىلىدىغانلار بار، — دېدى ئاق بۆجەن، — بىرەر ئورەك تېپىپ مەسلىھەت سورايلى.

توغرا، دېيىشتى باشقىلار، ھەم دەرھال تارقىلىپ ئىزدەشكە چۈشتى.

— بۇ يەردە بىر كىچىك ئازگال بار ئىكەن، — توۋلىدى ھەسەل ھەرىسى.

باشقىلار ئۇ غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن يەرگە كەلدى، بۇ يەردە ئىچىنى ئوت بېسىپ كەتكەن بىر كىچىك ئازگال بار ئىدى.

— سۆيۈملۈك كىچىك ئازگال، ئېيتقىنە، بىز بۇ تاغدىن قانداق قىلىپ ئۆكايىراق ئۆتۈۋالارمىز؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— تاغ باغرىنى بويلاپ ئوڭ تەرەپكە مېڭىڭلار، — دېگەن سادا كەلدى ئازگالدىن، — بۇكىدە ياۋا گۈل - گىياھ، پاكار - پاكار دەل - دەرەخلەر ۋە چاتقاللار بىلەن تولغان، كىچىك - كىچىك ئېقىنلار ھەر تەرەپكە تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان بىر جىراغا يېتىسىلەر، ئۇ سىلەرگە تاغدىن ھالقىشىنىڭ ئامالىنى قىلىپ

بېرىدۇ.

كىچىك دوستلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئوڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، خېلى ئۇزۇن ماڭغىنىدىن كېيىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ۋە تاغ سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئۇلارغا مەنزىلدىن نىشان بەردى.

ئۇلار يېشىللىقتا پۈركەنگەن ۋە قوينىدا كىچىك ئېقىنلار تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان بىر تاغ جىراسىغا يەتتى. ھەممىسى تەڭلا توۋلىۋەتتى:

— ئەي گۈزەل تاغ جىراسى، بىزگە ياردەم قىلىپ، تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىزچۇ!

شۇ ھامان تاغ جىراسىدىن ئۇچىدا كانايسىمان گۈللەر ئېچىلغان يېشىل پىلەكلەر سوزۇلۇپ چىقتى ـ دە، كىچىك سەپەرداشلارنى ھەربىرى بىردىن چىرماپ ئېلىپ كۆتۈرۈپ، تاغنى باغاشلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى، بىر چاغدا بۇلۇتلارغا تاقاشقۇدەك بولغان تاغ چوققىسىغىمۇ يەتتى. ئاندىن يەنە تاغ كەينىگە قاراپ سوزۇلۇپ ـ سوزۇلۇپ تۆۋەنلەپ، ئاخىرى ئۇلارنى تاغ كەينىدىكى يۇمشاق چۆپلۈككە چۈشۈرۈپ قويدى، ئاندىن بىرسى تارتىۋاتقاندەكلا كەينىگە ياندى.

— رەھمەت سىلەرگە، — توۋلىدى كىچىك دوستلار خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا، — گۈزەل جىراغا مىننەتدارلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!

ئۇلار يەنە يولىنى داۋام قىلدى، قانچىلىك ۋاقىت ماڭغىنى،

قانچىلىك مۇساپە باسقىنى نامەلۇم، بىر چاغلاردا بىر كىچىك شەھەرگە دۇچ كەلدى، شەھەر سىپىلى ئادەم بويىچىلىك، دەرۋازىسى بولسا ئۇن نەچچە ياشلىق بالىلار كىرىپ - چىققۇدەكلا ئىدى، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بولسا بويى ئىككى غېرىچچە كېلىدىغان بىر توپ كىچىك ئادەمچاق ئاسماندا پەس ۋە ئاستا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ئاق تۇتىقۇشىنى نىمىلەرنىدۇر تەڭلەپ قىچقىرماقتا ئىدى. بۇ كىچىك ئادەمچاقلار ھەممىسى يۇلتۇز قوندۇرۇلغان ئۇچلۇق بۆك، يۇلتۇز كەشتىلەنگەن خالات ۋە تۇمشۇقىغا يۇلتۇز قوندۇرۇلغان ئۇزۇن ئۇچلۇق كەشلەرنى كىيىۋالغان، مەڭزىلىرىنى قىزىل ۋە يۇمىلاق، يوغان بۇرۇنلىرىنى يېشىل بوياپ سىرك ئۆمىكىنىڭ قىزىقچى ئارتىسلىرى ياكى كىچىك سېھىرگەرلىرىدەك ياسىنىۋالغان ئىدى. ھەممىسىنىڭ دىققىتى تۇتىقۇشتا بولغاچقا كىچىك سەپەرداشلار قېشىغا بارغاندىمۇ كارى بولۇشمىدى.

بىراق، ئاق تۇتى تۇيۇقسىز چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي، ھاڭۋېقىپ قالغان كىچىككىنە مەلىكىنى يەڭگىل قاماللاپ تۇتۇۋالدى - دە، كۆتۈرۈپ ئۇچقانچە كىچىك ئادەمچاقلار ئارىسىغا ئاپىرىپ قويدى. كىچىك ئادەمچاقلار بولسا بۆكلىرىنى، گۈلدەستىلەرنى ئاسمانغا ئېتىپ، كىچىككىنە ناغرا، سۇناي، داپ - دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. ئاندىن كىچىككىنە مەلىكىنى گۈل شەكلىدە ياسالغان، لېگەنچىلىك چوڭلۇقتىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ

شەھەرگە ئېلىپ كىرىشتى، كىچىك ھەمراھلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىردى.

شەھەر كوچىلىرىنىڭ كەڭلىكى بەش ـ ئالتە غېرىچتەك كېلەتتى. ئۆيلىرى بولسا تۆت ـ بەش قەۋەتلىكتىن بولۇپ، ھەربىر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ غېرىچتىن چوڭراق ئىدى. ھەممە نەرسە ئادەملەرنىڭ بوي ـ تۇرقىغا لايىق كېلەتتى. ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن يۇلتۇز گۈل قىستۇرۇلغان ئايال ۋە ئوماققىنە باللار باشلىرىنى چىقىرىپ، قىيقاس ـ چۇقان، ئالقىش سادالىرى ياڭراتماقتا ئىدى.

كىچىك ھەمراھلار كىچىك ئادەمچاقلار قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، قوشۇن ئېگىز بىر مۇنبەر ئالدىغا بارغاندىن كېيىن توختىدى، تەختىنى كۆتۈرۈۋالغانلار ئۇنى مۇنبەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ قويدى، شۇنىڭدىن كېيىن يېقىن ئارىدىكى بىر ئېگىز مۇناردىن زىل قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرىدى، شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، كىچىك ئادەمچاقلار قوللىرىدا كىچىككىنە گۈلدەستە ۋە گۈل سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، سەلدەك ئېقىپ كېلىشتى، ناھايىتى تېزلا مۇنبەرنى كىچىك ئادەمچاقلار دېڭىزىدىكى يېگانە ئارالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. كىچىككىنە مەلىكە بولسا ھەيرانلىق ئىچىدە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ شۇ تاپتا نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى، مۇشۇكىياپىلاق بىلەن شۇ ھەسەل ھەرىسى قوڭغۇراق مۇنارى ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، بولۇۋاتقان

ئىشلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلارغا بۇ ئىشلار بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىدى، ئاق بۆجەن، مۇز قونچاق، رېزىنكە بالىمۇ كىچىك ئادەمچاقلار ئارىسىدا يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىشىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، ئىشقىلىپ بىرەر يامان ئاقىۋەت يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىشاتتى ئۇلار.

شۇ چاغ كىچىك ئادەمچاقلار ئارىسىدىن ئاپپاق ساقاللىق ۋە گۆھەر باشلىق كۈمۈش هاسا تۇتقان بىر مويسىپىت 18 پەشتاقلىق مۇنبەرنىڭ 17 ـ پەشتىقىغا چىقىپ كىچىككىنە مەلىكىگە سالام بەردى ـ دە، ئاندىن رۇسلىنىپ، كىچىك ئادەمچاقلارغا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ غېرىچخانلار مەملىكىتىنىڭ ئەزىز پۇقرالىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يوسۇنى بويىچە دۆلەت قۇشىمىز تاللىغان كىچىككىنە مەلىكىنى مەرھۇم شاھىمىزنىڭ ۋارىسى قىلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزدۇق، گەرچە ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن تاللىغان ھۆكۈمدارىمىز، پاسىبانىمىز، ئۇلۇغ خوجىمىزدۇر، مەن ئۇنىڭ بىز غېرىچخانلار ئېلىدە بەختلىك ياشىشىنى ۋە ئادالەتنى دوست تۇتۇپ، بىزنىمۇ بەختلىك قىلىشىنى تىلەيمەن، ياشىسۇن ئايال شاھ ئالىيلىرى!

ئۇ نۇتقىنى شۇنداق تاماملاپ، شۇ ھامان كىچىك ئادەمچاقلار گۈلدەستىلەرنى ئاسمانغا ئېتىپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

— ئايال شاھ ئالىيلىرى ياشىسۇن! ... ياشىسۇن! ... ياشىسۇن! — شۇ چاغدا يەنە بىر كىچىك ئادەمچاق گۆھەر باشلىق كىچىك ئالتۇن ھاسا قويۇلغان ئالتۇن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى، نۇتۇق سۆزلىگەن مويسىپىت پەتنۇسنى قوش قوللاپ ئالدى ـ دە، گۈل شەكىللىك تەخت ئالدىدا يەكتىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تەۋازۇ بىلەن شۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، شاھلىق نىشانى بولغان بۇ مۇقەددەس ھاسىنى قوبۇل قىلغايلا.

— ئۇ قانداق قىلار؟ — پىچىرلىدى ئاق بۆجەن مۇز قونچاقا، — ئۇ رىيازەتلىك سەپىر بىزدىن كېچىپ، پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلارمۇ.

— ئۇنداق بولماس، — دېدى مۇز قونچاق.

كىچىككىنە مەلىكە بولسا تېگىرقاش ئىلكىدە سەل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا، — مەن شاھلىققا لايىق ئەمەس، شاھلىقنى قانداق يۈرگۈزۈشنىمۇ بىلمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شاھلىق نىشانى بولغان مۇقەددەس ھاسىنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن، مەن دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى، مەنزىلىمىزگە يەتمەي تۇرۇپ يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايمەن. سىلەر ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر شاھ بەلگىلەڭلار.

كىچىك ئادەمچاقلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ، پىچىر ـ پىچىرغا چۈشتى، يەكتىنزىلىنىپ ئولتۇرغان كىچىك ئادەمچاق مويسىپىت بولسا ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ باركاللا، ـــ دەپ تۇۋلاشتى كىچىك ھەمراھلار بولسا خۇرسەن بولۇشۇپ.

بىراق كىچىك ئادەمچاقلار ئارىسىدىن بىردىنلا غوۋغا كۆتۈرۈلدى:

ـــ بىزگە ئۇ كېرەك، ئۇ بىزگە پادىشاھ بولسۇن، ئۇنىڭ كېتىشىگە يول قويمايمىز. تۇتۇپ قالالمىساق بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىمىز ...

ـــ ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ـــ دېدى يەكتىنزىلىنىپ ئولتۇرغان كىچىك ئادەمچاق مويسىپىتمۇ يىلىنىپ، ـــ شاھلىقنى قوبۇل قىلىشلىرى كېرەك، بولمىسا پۇقرالىرى سۆزىدىن يانمايدۇ، سىلىنى تۇتۇپ قالىدۇ ياكى جاھاننىڭ قەيىرىگە بېرىشلىرىدىن قەتئىينەزەر سىلىگە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ، بىز ھەممىمىز سېھىرگەر، ھەممىمىز قانات ياساپ سىلىگە ئەگىشىپ ئۇچالايمىز، ئالىيلىرى بىزگە يولباشچى بولسىلا.

ـــ مېنى مەجبۇرلىمىساڭلار بولمامدۇ، ـــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە خورسىنىپ، ـــ مېنىڭ شاھلىق قىلغۇم يوق، ھەم شاھلىقنى يۈرگۈزۈشكە ئەسلا قۇربىتىم يەتمەيدۇ.

ـــ سىلىنى مەجبۇرلىمىساق بولىدۇ، ـــ دېدى كىچىك ئادەمچاق مويسىپىت، ـــ بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى بىر

شەرتىمىزنى ئادا قىلىشلىرى كېرەك.

— نېمە شەرت؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— سىلى، — دېدى كىچىك ئادەمچاق مويسىپىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مايمۇنخانلار مەملىكىتىنىڭ ئۇرۇشقاق پادىشاھىنى يوقىتىپ بېرىشلىرى شەرت.

— بۇ نېمىشقا زۆرۈر بولۇپ قالدى، — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ.

— تىنچلىق ئۈچۈن، — دېدى كىچىك ئادەمچاق مويسىپىت، — ئۇ ھەدېسىلا بىزنى بوزەك قىلىشقا، زېمىنىمىزنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولباشچىمىز يوق بولغاچ تاقابىل تۇرۇشىمىز تەس بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا سىلى ئۇرۇشقاق پادىشاھنى يوقىتىپ بېرىشلىرى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى ئۇرۇشقاقلىقىدىن ۋاز كەچتۇرۇپ تىنچلىقنى قەدىرلەيدىغان قىلىپ بېرىشلىرى كېرەك. ئۇ يوقالسا ياكى ئۆزگەرسىلا پۇقرالىرىمۇ مۇلايىملىشىپ، تىنچلىقنى قەدىرلەيدىغان بولىدۇ.

— بىزمۇ تىنچلىقنى قەدىرلەيمىز، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — شۇڭا ئۇرۇشقا، باشقىلارغا ئورۇنسىز ئازار بېرىشكە قارشى تۇرىمىز، شۇڭا سىلەرنىڭ شەرتىڭلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى.

— بىز سىلىگە ئىشىنىمىز، — دېدى مويسىپىت، — چۈنكى ئاق تۇتىقۇشىمىز ئادەمنى خاتا تاللىمايدۇ.

ئاندىن ئۇ پەتنۇسنى يەنە بىر مويسىپىت پەتەككە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن پەتەك ئادەملەرگە قاراپ:

— ئەزىز پۇقرالىرىمىز، مەلىكە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، بىراق ئۇ بىزنىڭ دۇشمىنىمىزنى، ئۇرۇشقاق پادشاھنى يوقىتىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇ بىزگە يەنىلا ئۈمىد بېغىشلىدى. بىز ئۇنىڭغا غەلىبە تىلەيلى، ئوڭۇشلۇق تىلەيلى، ئۇنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلايلى.

شۇ ھامان پەتەك ئادەملەر قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى، كىچىككىنە مەلىكىمۇ خۇشاللىق بىلەن شاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ، كىچىك ھەمراھلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ شەھەردىن چىقتى.

— مايمۇنلار مەملىكىتى مەشرىق يولىدا، — دېدى ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققان مويسىپىت پەتەك، — ئەگەر غەلىبە قىلساڭلار ئاسماندا ھەسەن - ھۈسەن كۆۋرۈك پەيدا بولىدۇ، بىز شۇنىڭغا قاراپ تىنچلىققا ئېرىشكىنىمىزنى بىلىمىز. سىلەر يولۇڭلارنى داۋام قىلساڭلار بولىدۇ، ئەگەر مەغلۇپ بولساڭلار چوقۇم بىر ئامال قىلىپ قايتىپ كېلىڭلار، كىچىككىنە مەلىكە يەنىلا شاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ، بولمىسا بىز غېرىچخانلار قانات ياساپ، جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن سىلەرنى ئىزدەيمىز.

كىچىك ھەمراھلار ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پەتەكلەرنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا راۋان بولدى.

ماڭدى، ماڭدى، بىر چاغلار بىر پاسىل سىزىقىغا دۈچ كەلدى. پاسىلنىڭ بۇ تەرىپى گۈل - چېچەكلەر نەقىشلەنگەن يېشىل يوپيۇرماقلا پۈركەنگەن گۈزەل ۋە خۇش ھاۋالىق ئىدى، ئۇ تەرىپى بولسا خوخا - تىكەن، يانتاق بىلەن قاپلانغان، قارامتۇل تۇتەك - تۇمانلار لەيلەپ يۈرگەن بىر جاي ئىدى. يوللىرىغا ئۇچلۇق تاشلار يېيىتىلغان ئىدى.

كىچىك ھەمراھلار مايمۇنلار ئېلىنىڭ چېگراسىغا قەدەم قويدى. بىراق ھەر تەرەپتىن خوخا - تىكەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — مەسلىھەتكە چۈشتى كىچىك سەپەرداشلار.

شۇ چاغ بال ھەرىسىنىڭ ھەپىرەڭگۈل چېلىكىدىن نوقۇتچىلىك چوغ چاچراپ چىقتى - دە: «بۇ مەسىلىنى مەن ھەل قىلىمەن» دەپلا گۈرۈلدەپ يانغىن بولۇپ خوخا - تىكەن، يانتاقلارغا ياماشتى، تۇتاشقان يېرىدە كۆل قالدۇرۇپ ئىلگىرىلەپ ئۇلغىيىپ كېتىۋەردى، كىچىك سەپەرداشلار ئۇنىڭ كەينىدىن بىمالال كېتىۋەردى.

شۇ چاغ مايمۇنخانلار مەملىكىتى ئاسمىنىدا بىر توپ قاناتلىق مايمۇنلار پەيدا بولۇشتى - دە، ئالاقزادىلىك بىلەن چۇۋۇرلىشىپ كەتتى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، تېز ئۆچۈرۈڭلار، يەنە ئالدىغا يامراپ كېتىۋەرسە شەھىرىمىزنىمۇ خاراب قىلىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى ئاق توشقان، — بىراق ئۇرۇشقاق پادىشاھىڭلار بىز بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك.
— بىز ھازىرلا ئۇنى سىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرەيلى، — دېدى ئۇچار مايمۇنلار.
كىچىك سەپەرداشلار ئوت يالقۇنلىرى قورشاۋىدىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى سېپىل ئىچىگە كىردى، سېپىل ئىچىدىكى ئىمارەتلەر ھەممىسى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئورنىدا مايمۇنلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا قولايلىق كامارلار بار ئىدى. كوچىلاردا بولسا قاناتلىق مايمۇنلار قىيا - چىيا قىلىشىپ، سەكرىشىپ يۈرەتتى.
كىچىك ھەمراھلار تېزلا شەھەر مەركىزىدىكى مەرمەر تاش ئوردا ئالدىغا يېتىپ باردى.
— بىز شاھقا خەۋەر قىلايلى، — دېيىشتى تاياق - توقماق تۇتۇپ تۇرۇشقان ئىشىك باقار مايمۇنلار.
ئۇلار كىرىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ چىقىشتى - دە، شاھنىڭ بۇلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى قولغا ئېلىپ زىندانغا تاشلاش پەرمانى چۈشۈرگەنلىكىنى يەتكۈزۈشتى، ئاندىن كىچىك ھەمراھلارنى تۇتماقچى بولۇشتى.
بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئاق توشقان دەرھال كالتىكىنى ئىشقا سالدى، كالتەك زەربىسىدە باش - كۆزى قانغا مىلەنگەن ياساۋۇل مايمۇنلار چىرقىرىشىپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

— ئەگەر ئۇرۇشقاق شاھ بىز بىلەن كۆرۈشمىسە شەھىرىڭلارنى ئوت دېگىزىغا ئايلاندۇرىمىز، — دەپ توۋلىدى رېزىنكە بالا تەھدىت سېلىپ.

بىرنەچچە ياساۋۇل مايمۇن دەرھال ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا بۇ گەپنى يەتكۈزدى، بىراق ئۇرۇشقاق پادىشاھ قورقۇنچاقلىق قىلىپ كۆرۈشۈشكە ئۇنىمىدى، بەلكى بارلىق پۇقرالىرىنى قوزغىلىپ كىچىك ھەمراھلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاشقا پەرمان چۈشۈردى.

ياساۋۇللار دەرھال پەرماننى بارلىق مايمۇنلارغا يەتكۈزدى، شۇ ھامان مايمۇنلار دەرھال ئوردا ئالدىغا توپلىنىشتى، ئۇلارنىڭ پەيلى بەك يامان ئىدى، چىرقىرىشاتتى، سەكرىشەتتى، بىراق ئاق توشقاننىڭ كالتىكىدىن قورقۇپ ھېچقايسىسى يېقىنلىشالمىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى كىچىككىنە مەلىكە قورقۇپ كېتىپ.

— كالتىكىملا بولىدىكەن ئۇلارنىڭ بىزگە چېقىلىشقا ھەددى ئەمەس، — دېدى ئاق بوجەن.

— بىز ئوت يالقۇنلىرىنى شەھەرگە بېسىپ كىرىشكە چاقىرايلى، — دېدى مۈشۈكياپىلاق.

— بولمايدۇ، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — ئۇلار تېخى بىزگە ئۇنچە يامانلىق قىلغىنى يوق، ئوت يالقۇنلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرسە شەھەر ئوت دېگىزىغا ئايلىنىپ خاراب بولىدۇ، مايمۇنلارغا ئۇۋال بولىدۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ — رېزىنكە بالا تېپىرلاپ.

— بىز مايمۇنلارغا كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇرايلى، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە.

شۇ هامان مۇشۇكياپىلاق مايمۇنلارغا قاراپ توۋلىدى:

— تىنچلىنىڭلار، كىچىككىنە مەلىكىمىز نۇتۇق سۆزلىمەكچى.

شۇ هامان مايمۇنلار قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قويۇلغاندەك تىنچىپ قېلىشتى، كىچىككىنە مەلىكە قاناتلىرىنى لىپىلدىتىپ، هاۋاغا ئۆرلەپ چىقتى ـ دە، نۇتقىنى باشلىدى:

— قەدىرلىك مايمۇنچاقلار، بىز سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشكە كەلگەن ئەمەس، چۈنكى بىز تىنچلىق ئەلچىسى، بىراق مەملىكىتىڭلارنىڭ ئۇرۇشقاق پادىشاھى بىز بىلەن كۆرۈشۈشنى، تەلەپ ـ ئىلتىماسىمىزنى ئاڭلاشنى خالىمىدى، شۇڭا مۇشۇنداق ماللىمانچىلىق يۈز بەردى، بىزنىڭ تەلىپىمىز تىنچلىق، سىلەر غېرىچخانلارنى بوزەك قىلماسلىقىڭلار، ئۇلارنى قۇل قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقىڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىقىڭلار كېرەك، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، دوستلۇق ئورنىتىشىڭلار، تىنچ ـ خاتىرجەم ياشىشىڭلار كېرەك، تىنچلىق سىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدۇ، بىراق پادىشاھىڭلار تىنچلىقنى خالىمايۋاتىدۇ، سىلەر قوزغىلىپ بۇنىڭغا يول قويماڭلار. شۇنداق بولغاندا ئوت ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ، شەھىرىڭلارغا بېسىپ كىرمەيدۇ، شەھەر سىرتىدىكى كۆل بىلەن قاپلانغان زېمىنىڭلار گۈلستانغا

ئايلىنىدۇ. بىزمۇ يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز، سىلەرگە قايتا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلمايمىز. ياشىسۇن تىنچلىق!

ئۇنىڭ نۇتقى شۇنداق ئاياغلاشتى، كىچىك ھەمراھلار ئۇنىڭغا قىزغىن ئالقىش بىلەن ئاۋاز قوشتى، ئۇچار مايمۇنلار ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغالدى ۋە ئارقىدىنلا ئۇلار:

«بىزگە تىنچلىق كېرەك» دەپ توۋلاشقىنىچە ئوردىغا كەلكۈندەك بېسىپ كىرىپ كېتىشتى، ھايالسىزلا بىر غەلىتە مەخلۇقنى سۆرەپ چىقىشتى، ئۇنىڭ شاھلىق تاج كىيدۈرۈلگەن تۈكلۈك بېشىدا بىر جۈپ مۈڭگۈزى بار ئىدى، شاھانە تون يېپىنغان تېنى مايمۇن تېنى ئىدىيۇ، لېكىن پۇتلىرى چوشقا پۇتىدەك تۇياقلىق ئىدى، ئەپتى بەكمۇ بەتبەشىرە كۆرۈنەتتى.

ئىككى ئاپپاق ساقاللىق مويسىپىت مايمۇن توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، باشقا مايمۇنلار قولىدىن ئاجراشقا ئۇرۇنۇپ تىركىشىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشىدىن شاھلىق تاجنى ئېلىۋالدى، غەلىتە مەخلۇقنىڭ مۈڭگۈزلىرى يوقىلىپ، بىردىنلا ئادەتتىكى قاناتلىق مايمۇنغا ئايلىنىپ قالدى، ـ دە، يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

بىراق شاھلىق تاجنى تۇتۇپ تۇرغان مويسىپىت مايمۇننىڭ بېشىدا بىردىنلا بىر جۈپ مۈڭگۈز پەيدا بولۇپ، ئەپتى بەتبەشىرە ھالەتكە كەلدى، پۇتلىرى چوشقا تۇيىقىغا ئۆزگەردى ـ دە، بار ئاۋازى بىلەن كاركىرىدى:

ــ مەن دېگەن پادىشاھ، سىلەر ماڭا بويۇنتاۋلىق

قىلماقچىمۇ، ھەددىڭ ئەمەس، تېز بۇ كىچىك مەخلۇقلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار.

قاناتلىق مايمۇنلار ۋە كىچىك سەپەرداشلار ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە ھەيران بولۇپ، ھاڭۋېقىپ قېلىشتى، لېكىن رېزىنكە بالا يەنە تېزلا ئېسىگە كېلىپ توۋلىدى:

— شاھلىق تاجى ئالۋاستى ئىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلايلى.

ئۇنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنى ئويغاتتى، ھەممىسى تەڭلا توۋلاشتى:

— ئوتقا تاشلايلى، ئوتقا تاشلايلى.

شۇ ھامان ئاق توشقان كالتىكى بىلەن بىر ئۇرۇپلا شاھلىق تاجىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. تاج بولسا:

— خەپ توختاش، خەپ توختاش، خەپ...! — دېگەن سادا چىقارغانچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئارقىدىنلا شەھەردىن بىر ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا ـ ئاستا تاراپ كەتتى. شەھەر ئىچىدە ھەممە نەرسە كۆركەم ۋە رەڭدار تۈس ئالدى، قاناتلىق مايمۇنلارنىڭ چىرايىمۇ مۇلايىم ۋە يېقىملىق قىياپەتكە كىردى، ھېلىقى ئاق ساقاللىق مويسىپىت مايمۇنمۇ ئەسلىگە كەلدى، گۈلدەستە ۋە ئالمىلار ئاسمانغا ئېتىلىپ قىزغىن تەنتەنە قىلىندى، شۇ چاغ ئاسماندا ئاجايىپ چىرايلىق ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بىر بېشى غېرىچخانلار ئېلىگە، يەنە بىر بېشى مايمۇنخانلار مەملىكىتىگە تۇتاشتى.

— بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلىدۇق، — دېدى رېزىنكە بالا

كۆپچىلىككە، — ئەمدى يولىمىزنى داۋام قىلايلى.

كىچىك سەپەرداشلار مايمۇنلار بىلەن خوشلاشتى، مايمۇنلار ئۇلارغا قىيماستىن شەھەردىن بىللە چىقىشتى، ئوت يالقۇنلىرى پەسىيىپ، يىغىلىپ، كىچىككلەپ نوقۇتچىلىك چوغ ھالىتىگە كەلدى، بال ھەرىسى يەنە ئۇنى ھەپىرەڭگۈل چېلىكىگە سېلىۋالدى، كۆل بىلەن قاپلانغان كەڭ دالا بىردىنلا گۈلچىمەنزارلىققا ئايلىنىپ قالدى.

قاناتلىق مايمۇنلار كىچىك ھەمراھلارنى ئۆز مەملىكىتىنىڭ يەنە بىر تەرەپىتىكى چېگراسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى ـ دە، ئاق يول تىلەپ قالدى. كىچىك ھەمراھلار قاناتلىقلىرى ئۇچۇپ، قاناتسىزلىرى سەكرەپ ـ تاقلىشىپ دېگەندەك يولنى داۋام قىلدى.

يۈردى، يۈرگەندىمۇ مول يۈردى، بىر چاغلار ناھايىتى نۇرغۇن چىلبۆرىلەرگە دۇچ كەلدى. چىلبۆرىلەر بۇلارنى كۆرۈپلا خىرىس قىلىپ، ئېتىلىپ كېلىشتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە جىددىيلىشىپ رېزىنكە بالىدىن.

— مەن تاقابىل تۇراي، — دېدى ئاق توشقان كۆكرەك كېرىپ چىقىپ.

— ئۇلار بەك كۆپ ئىكەن، — دېدى رېزىنكە بالا، — سەن يېتىشىپ بولالمايسەن، دەرھال ئەجدىھانى قويۇۋېتەيلى. بۇ ياۋۇزلارنى بىراقلا دەم تارتسۇن.

شۇ ھامان بال ھەرىسىنىڭ ھەپىرەڭگۈل چېلىكىدىن

چوْمۇلىچىلىك ئەجدىھا چاچراپ چىقىپ، يوغىناپ ـ يوغىناپ، بېشى گۈمبەزدەك، بېلى يوغان دەرەخ غولىدەك بولدى ـ دە، ئالدىغىلا كېلىپ قالغان بۆرىلەرنى دەم تارتتى، بۆرىلەر خازاندەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپلا كەتتى. بىرەرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئەجدىھا يەنە قايتىدىن كىچىكلەپ چوْمۇلىچىلىك بولدى ـ دە، ھەپىرەڭگۈل چېلەككە ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى.

كىچىك ھەمراھلار يەنە يولىنى داۋام قىلدى، قانچىلىك مۇساپە باسقىنى، قانچىلىك ۋاقىت ماڭغىنى نامەلۇم بىر چاغلار بىر قۇرۇق ئېقىنغا دۇچ كەلدى. ئېقىن بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان، دەريا قىنى بولسا چاك ـ چاك يېرىلغان ئىدى، قۇياش نۇرى ئوتتەك قىزدۇراتتى.

ــ نېمانچە ئىسسىق بۇ، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە تەرگە چۆمۈپ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئاق توشقانمۇ، ــ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر يۇتۇم سۇمۇ، بىرەر تال يېشىل چۆپمۇ تېپىلمايدىكەن، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق جېنىمنى ئالامدۇ نېمە؟

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، ــ دېدى مۇز قونچاق، ــ مەن بىر بارمىقىمنى ساڭا ئوشتۇپ بېرەي، شۇمۇپ ماڭغىن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ بىر بارمىقىنى ئۇشتۇماقچى بولدى، ئۇشتۇلمىدى، تاش بىلەن ئۇردى، چېقىلمىدى.

ــ ئاۋارە بولما، ــ دېدى رېزىنكە بالا، ــ جىسمىڭدا پېرىخوننىڭ كۆز يېشى بار، ئەمدى ھەرگىز بىر يېرىڭ سۇنمايدۇ، چېقىلمايدۇ، ئېرىپمۇ كەتمەيسەن.

— قانداق قىلىمىز، — دېدى مۇز قونچاق، — ئاق توشقان ئۇسسۇزلۇقتا چىدىيالمايۋاتسا.

— بەرداشلىق بېرىمەن، — دېدى ئاق توشقان مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

شۇ چاغ قەيەردىدۇر بىرىنىڭ:

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

كۆپچىلىك دەرھال ئاۋاز چىققان يەرگە بېرىپ قارىدى، بۇ يەردىكى بىر كىچىك ئازگالدا ئازغىنە سۇ بار ئىدى، سۇ ئىچىدە بولسا بىر چوڭ كارىپ بېلىقى ئاغزىنى ماكىلدىتىپ ياتقان ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— سۈيۈم قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى، تۇگىشىدىغان بولدۇم، نەپەس ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى كارىپ بېلىقى ھالسىراپ يېتىپ.

— ۋاي بىچارە، — دېدى رېزىنكە بالا، — بۇ ئەتراپتا باشقا بىر ئېقىن ياكى كۆل بارمىدۇ، سېنى يۆتكەپ قويساق بولاتتى.

— يوق، — دېدى كارىپ بېلىقى ئۈمىدسىزلىك بىلەن، — بۇ يەردە مۇشۇ بىرلا دەريا بار ئىدى. مەنىبەسىگە نېمە بولدىكىن بىردىنلا قۇرۇپ كەتتى. ھەمراھلىرىم ئۆلۈپ كېتىپ، بىرلا مەن قالدىم.

— بۇ دەريانىڭ ئايىغى قەيەرگە تۇتىشاتتى، — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— دېڭىزغا، — دېدى كارىپ بېلىقى.

— سېنى دېڭىزغا ئالغاچ كېتەيلى، — دېدى مۆز قونچاق، — دېڭىز مەڭگۈ قۇرۇپ قالمايدۇ.

— بىراق مەن دېڭىزدا ياشىيالمايمەن، — دەپ كارىپ بېلىقى، — دېڭىز سۈيى تۇزلۇق، مېنىڭ ياشىشىمغا ماس كەلمەيدۇ.

— ھېلىقى كىچىك دەريانى مۇشۇ يەرگە قويۇۋېتەيلىچۇ، — دېدى مۇشۇكياپىلاق ئېسىنى تېپىپ، — ئۇ دېڭىزغا قويۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتىغۇ.

بال ھەرىسى دەرھال ھەپىرەڭگۈل چېلىكىدىن تامچە سۇغا ئايلانغان كىچىك دەريانى ئېلىپ دەريا قىنىغا تاشلىدى، كىچىك ھەمراھلار دەرھال قاشقا چىقىۋېلىشتى. تامچە سۇ دەريا قىنىغا تارىلىپ، يېيىلىپ بىردىنلا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان چوڭ ئېقىنغا ئايلاندى. كارىپ بېلىقى ئېقىن ئىچىدە پىلتىڭلاپ موللاق ئېتىپ ئويناشقا باشلىدى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار — دېدى ئۇ ئويناقشىپ تۇرۇپ، — سىلەرنى ئۈستۈمگە مىندۈرۈپ ئويناتاي.

رېزىنكە بالا، مۆز قونچاق، ئاق توشقانلار ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇردى، بىمالال يېتىشتى.

— بىزنى دېڭىزغا ئېلىپ بارغىن، — دېدى ئۇلار، — مەنزىلىمىز دېڭىز ئىدى.

كارىپ بېلىقى ئېقىم يۆنىلىشىدە ئۈزۈپ كەتتى. كىچىككىنە مەلىكە، مۇشۇكياپىلاق ۋە ھەسەل ھەرىسى بولسا دەريا ئاسمىنىدا

ئۇچۇپ ماڭدى.

ئۇلار كۆپ يۇردى ۋە دېڭىزغىمۇ يەتتى، يەڭگىل چايقىلىپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز ئۇلارغا كەڭ قۇچىقىنى ئاچتى، دېڭىزنىڭ چەت - ياقىلىرى يىراق - يىراقلاردىكى ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى، دېڭىزنى تۇنجى رەت كۆرۈۋاتقان كىچىك ھەمراھلار بەكمۇ ھاياجانلاندى.

— ۋاھ! دېڭىز نېمانچە چوڭ ھە؟! — دېيىشتى ئىختىيارسىز.

— مەن سىلەر بىلەن خوشلىشاي، — دېدى شۇ چاغ كارىپ بېلىقى.

— بىز بىلەن بىللە بەخت ئارىلىغا بارمامسەن، — دېدى بۇ ياخشى كېمىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئاق توشقان.

— مەن تاتلىق سۇ بېلىقى، — دېدى كارىپ بېلىقى، — دېڭىز سۈيى بولسا تۇزلۇق، مېنىڭ ياشىشىمغا ماس كەلمەيدۇ، سىلەر بىلەن بىللە بارغۇم بولسىمۇ ئامال يوق.

كىچىك ھەمراھلار ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن دېڭىز بويىدا كۆڭۈللۈك ئويۇنغا چۈشتى، ئۇلار گاھ تۇرۇلۇپ، تۇرۇلۇپ قىرغاققا يامرىغان دېڭىز دولقۇنلىرىدىن قاچسا، گاھ كەينىگە يانغان دولقۇننى قوغلاشتى، بىردەم چىرايلىق قۇلۇلە قاپلىرىنى تەرسە، بىردەم قىسقۇچپاقىلارنىڭ يانچىلاپ مېڭىشلىرىنى تاماشا قىلىپ كۈلكە قىلىشتى. ئاخىرى يەنە ئويۇندىن زېرىكىپ مەسلىھەتكە چۈشتى:

— بەخت ئارىلى زادى قەيەردىدۇر؟ ئۇنى قانداق تېپىپ بارىمىز؟

ئۇلارنىڭ بېشى قاتتى، ئاخىرى مۇشۇكياپىلاق ئېغىز ئاچتى:
— كىچىك مەلىكىمىز بىلەن ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ بارسۇن، باشقىلارنى مەن بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ ئاپىراي.
— بولمايدۇ، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بەخت ئارىلىنىڭ زادى دېڭىزنىڭ قەيېرىدە ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ئەگەر بەك يىراق، بەك يىراقلاردا بولسا پۈتلىرىڭ تېلىپ كېتىپ، سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ كۆتۈرۈپ ماڭغاننى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ قالىسەن، ھەتتا ئۆزۈڭمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ قېلىپ دېڭىزغا موللاق ئېتىشىڭ مۇمكىن.
— مەن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتسەممىغۇ لەيلەپ قالىمەن، — دېدى رېزىنكە بالا، — بىراق مۇز قونچاق بىلەن ئاق توشقان چۈشۈپ كەتسە چۆكۈپ كېتىدۇ.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى مۇشۇكياپىلاق تېپىرلاپ.
ئەمدى ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى، بىراق دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىدىكى قۇملۇقتىن بىر چوڭ تاشپاقا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ:
— سىلەرگە مەن ياردەم قىلاي، — دېدى ئۇلارغا.
— سىز كىم؟ — سوراشتى چۆچۈپ كەتكەن كىچىك ھەمراھلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ.
— مەن دېڭىز تاشپاقىسى، — دېدى ھېلىقى تاشپاقا، — مەن

سىلەرنىڭ ھېلىقى ئارالغا نېمىشقا بارىدىغىنىڭلارنى بىلمەيمەن، بىراق مەسلىھەتىم ئەڭ ياخشىسى بارماڭلار، زادى بارمىساق بولمايدۇ دېسەڭلار مەن ئاپىرىپ قوياي.

— نېمىشقا بىزگە ياردەم قىلىسىز؟ — سورىدى ئاق توشقان.

— بىر - بىرىڭلار بىلەن ئىجىل - ئىناق، ياخشى دوستلاردىن ئىكەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ سىلەرگە ھەۋىسىم كەلدى، — دېدى تاشپاقا، — شۇڭا سىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇم كەلدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى رېزىنكە بالا، — بىراق بىز سىزگە قانداق ئىشىنىمىز؟

— ئىشەنچ قىلالمىساڭلار، — دېدى تاشپاقا خىرىلداپ كۈلۈپ، — بۇرنۇمغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار.

— ياق — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — بىز سىزگە ئىشىنىمىز، بۇرنىڭىزنى تېشىپ چۈلۈك ئۆتكۈزۈشىمىز ھاجەتسىز.

— قېنى ئەمىسە يولغا چىقايلى، — دېدى تاشپاقا، — ھازىر دېڭىز سەپىرىنىڭ تازا ياخشى پەيتى، بوران - چاپقۇن يوق، تىنچ - ئامان سەپىرىمىزنى داۋام قىلالايمىز.

مۈشۈكياپىلاقتىن باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشتى. تاشپاقا دېڭىزغا كىرىپ سىلىققىنە ئۈزۈپ كەتتى. باشتا يۈرەك ئالدى بولغان كىچىك ھەمراھلار بارا - بارا يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ تىنچلىنىپ قېلىشتى. ئاخىرى كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بەھۇزۇر ھېس قىلىشتى ۋە دېڭىزغا نەزەر

سېلىشىپ، سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدىكى دۇنيانى تاماشا قىلىشتى.
چوغدەك جۇلالىق مارجان دەرەخلەر، رەڭگارەڭ دېڭىز جۇخىۋا گۈللىرى، ياپيېشىل تاسمىدەك ئۆسكەن يۇسۇنلەر ۋە يۇسۇنلەر ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن خىلمۇخىل بېلىقلار كۆرۈپ قانمىغۇدەك گۈزەل مەنزىرىلەر سۈسلىشىپ، يوقىلىپ كەتتى. ئەمدى ئاندا ـ مۇندا بېلىقلارلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. گاھ تۇيۇقسىز سۇدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان ئۇچار بېلىقلار خېلىلا بىر يەرلەرگىچە ئۇچۇپ بېرىپ يەنە دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى.
تاشپاقا بارغانسېرى ئىتتىك ئۈزدى، قىرغاق يىراقلاردىن خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپلا قالدى ۋە ئاخىرى كۆرۈنمەيلا قالدى. ئەمدى تۆت تەرەپ سۇلا ئىدى، گويا ئاسمان گۈمبىزى دېڭىز يۈزىگە تۇتقۇزۇپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ھېرىپ قالغان مۇشۇكياپىلاقمۇ تاشپاقا دۇمبىسىگە قونۇپ ئارام ئالدى.
كەچ كىردى، قۇياش مەغرىب ئۇپۇقلىرىنى سۆيگەندە ھاسىل بولغان قىزىللىق دېڭىز يۈزىگىمۇ رەڭ بەردى، قۇياش شۇ قىزىللىق ئىچىدە دېڭىزغا چۆكۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىرى غايىب بولدى، ئەمدى ئاسمان گۈمبىزى قاراڭغۇلۇق پەردىسىگە ئوراندى.
ــ ئېھتىيات قىلايلى، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە، ــ بىخەستەلىك قىلىپ دېڭىزغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەيلى يەنە.
باشقىلار ئۈندىمىدى، ھەممىسى قۇياشنىڭ پاتقىنىدىن مەيۇس ئىدى، تاشپاقىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا نىشاندىن ئادىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.
بىراق ھايالىسىزلا ئاسمان گۈمبىزىدە يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا

باشلىدى، ئارقىدىنلا كىچىك ھەمراھلارنى سۆيۈندۈرۈپ مەشرىق ئۇپۇقلىرىدا تولۇن ئاي كۆرۈندى، كۈمۈش نۇرلار دېڭىز ئۈستىدە جىلۋىلەشكە باشلىدى.

كىچىك ھەمراھلار بولسا قۇياش راستتىنلا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇ يەردە يەنە نېمە قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە تالاش - تارتىشماققا چۈشتى، ئاخىرى يەنە بىر پىكىرگە كېلەلمەي جىمىپلا قېلىشتى. تاشپاقا بولسا ئۇن - تىنسىز ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. سۈرئىتى خېلىلا تېز ئىدى. قانچىلىك مۇساپە باسقىنى نامەلۇم بىر چاغلاردا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلارنىڭ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى، دېڭىز ئەنسىزلىنىپ دولقۇنلاشقا باشلىدى.

— ئېھتىيات قىلىڭلار، — دېدى تاشپاقا، — بوران - چاپقۇنغا دۇچ كېلىدىغاندەك تۇرىمىز، بىر - بىرىڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار، قېپىمغا مەھكەم يېپىشىڭلار.

كىچىك ھەمراھلار ئەنسىزلىككە چۈشتى، دەرھال ئاق بۆجەن، مۇز قونچاق ۋە رېزىنكە بالا تاشپاقا قېپىنىڭ دېڭىزغا چىلىشىپ تۇرغان گىرۋەكلىرىنى مەھكەم قاماللىدى، ھەسەل ھەرىسى، مۇشۇكياپىلاقنىڭ قاناتلىرى ئاستىغا كىرىۋالدى، كىچىككىنە مەلىكە مۇشۇكياپىلاقنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مۇشۇكياپىلاق بولسا بىر پۇتىدا رېزىنكە بالىنىڭ، بىر پۇتىدا ئاق توشقاننىڭ پۇتلىرىنى مەھكەم قاماللىۋالدى.

ھايالسىزلا قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلارنى سۈرۈپ ھەيدەپ بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلدى، دېڭىز دەھشەتلىك داۋالغۇپ،



تاغدەك ـ تاغدەك دولقۇنلار ئۇقچۇپ ـ ئۇقچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئاي دېڭىزنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىدىن ئۈركۈگەندەك بۇلۇتلار قوينىغا پىنھان بولدى، چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ كۆز يۇمۇشتى، ئالەم ـ جاھان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمدى، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇن ساداسى ۋە قارا بوراننىڭ گۈركىرەشلىرى كىچىك ھەمراھلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋېتەيلا دەپ قالدى. دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇلارنى يالماپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا دەۋرەپ كېلەتتى.

بوران ـ چاپقۇن بولسا ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ كەتمەك قەستىدە شىددەتلىك ئۇرۇلاتتى. بىراق تاشپاقا ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن دولقۇنلارغا بوي بەرمەي، كىچىك ھەمراھلارنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ ئۈزۈپ كېتىۋەردى، كىچىك ھەمراھلار بولسا بىر ـ بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ، ئۇيۇل تاشتەك بولۇۋېلىپ، شىددەتلىك بوراننىڭ ئۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتىشىگە يول قويمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۈرمىڭ خەتەر ۋە مۇشەققەت ئىچىدە ئىلگىرىلىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم، بىر چاغلاردا شىددەتلىك بوران ھالسىرىغاندەك ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ قالدى، قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالدى. ئاسمان گۈمبىزىنىڭ غەربىدە تولۇن ئاي ئۇلارنىڭ خەتەردىن ئامان قالغىنىغا خۇش بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ چىراي ئاچتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە ئاخىرى ئەركىن نەپەس ئېلىپ، — ھەممىمىز تىنچ ـ ئامان تۇرۇپتۇق.

— غەيرىتىڭلارغا ئاپىرىن، — دېدى تاشپاقىمۇ خۇشاللىقتا چۆمگەن كىچىك دوستلارنى ماختاپ، — سىلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتەمدىكىن دەپ بەكلا ئەنسىرىگەنىدىم.

— ئارالغا يېتەي دېگەندىمىز - ھە؟! — سورىدى رېزىنكە بالا.

— ئاز قالدى، — دېدى تاشپاقا، — قاراپ تۇرۇڭلار، تاڭ سۈزۈلگەندە قۇياشنىڭ دېڭىز يۈزىدىن قانداق كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرىسىلەر، ئارقىدىن ئارالنىمۇ كۆرىسىلەر.

كىچىك ھەمراھلار تەقەززالىق بىلەن ئالدى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشتى، ئاي دېڭىزنىڭ غەربىگە چۆكتى، يۇلتۇزلار غايىب بولدى، سالقىن تاڭ شامىلى كىچىك ھەمراھلارنىڭ يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتتى، ھايالسىزلا دېڭىز يۈزى ئاستا - ئاستا قىزىللىقتا پۈركىنىپ، ئارقىدىنلا قىپقىزىل ئوت شارى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قىزىللىق ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ ئاخىرى غايىب بولدى، كۆزنى چاقنىتىدەك پارلاق نۇر چېچىلدى.

— ئەمدى ئارالمۇ كۆرۈنۈشى مۇمكىن، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ ھاۋاغا ئۆرلەپ، ئالدى تەرەپكە نەزەر سالدى، يىراقلاردا كۆل رەڭ تۇمانلار ئىچىدە بىر ئارال غۇۋا كۆرۈندى.

— ئارال ئەنە شۇ، — دېدى تاشپاقا، شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ تېخىمۇ تېز ئۈزۈشكە باشلىدى. بىراق كىچىك ھەمراھلار نېمە ئۈچۈندۇ بۇرۇنقى تەقەززالىقى ئەمدى قاياققىدۇر كېتىپ

قالغاندەك ھېس قىلىشىپ قالدى، بەلكى ئارالنى ئورىۋالغان كۆل رەڭ تۇمانلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغاندەكلا ئىدى، ئەمدى ئۇلار ئارالغا بېرىشقا ئالدىراشمىدى. بىراق تاشپاقا بولسا بارغانسېرى تېز ئۈزۈپ، كۆل رەڭ تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئارال گىرۋىكىگە يەتتى، قۇملۇق ساھىلغا ئۆمىلەپ چىقتى.

ئارالنى خوخا - يانتاق، ئوغرى تىكەنلەر قاپلىغان ئىدى. ھەر يوغان قىسقۇچپاقىلار ھەر تەرەپكە يورغىلىشىپ يۈرەتتى. ئارال ھاۋاسى دىمىقتا بولۇپ، كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلاتتى، كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئادەم بويى ئېگىزلىكتە لەيلەپ يۈرگەن بولۇپ، گاھى - گاھىدا ئۇلاردىن قوغۇشۇن شارچىلار مۆلدۈر بولۇپ تۆكۈلەتتى، ئارالنىڭ يەنە بىر چېتىدە بولسا كۆل رەڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان بىر ئېگىز تاش مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

كىچىك ھەمراھلار بىرخىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئىچىدە ئارالغا قەدەم قويدى، ئۇلار بەخت ئارىلىنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى، ھەتتا كىچىككىنە مەلىكە:

«بۇ راستىنلا بەخت ئارىلىمىدۇ؟» دەپ پىچىرلاپ قويدى.

شۇ چاغ تاشپاقا ئۇلار بىلەن ئالدىراپلا خوشلىشىپ، دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇدى، بۇ ھال كىچىك ھەمراھلارنى دەرگۇمان قىلىپ تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇلار ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرغان شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز كۆل رەڭ چاچلىق، كۆل رەڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلىك بىر پەرىزات پەيدا بولدى، ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىمۇ، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ، قاش -

كىرپىكلىرىمۇ، ھەتتا ئويماقتەك ئاغزىمۇ كىچىك ھەمراھلارغا كۆل رەڭلىك كۆرۈندى. ئۇ گويا كۆل رەڭ مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك سوغۇق چىراي ئىدى، قولىدا بولسا كۆل رەڭ ئەينەك شار ئورنىتىلغان بىر ھاسا بار ئىدى.

— كىچە ئەۋەتكەن بوران - چاپقۇنمۇ سىلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەپتۇ - دە، — دېدى ئۇ كۆل رەڭ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

كىچىككىنە ۋۇجۇدلىرىنى سۇر باسقان كىچىك ھەمراھلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئاخىرى يۈرەكلىكرەك بولۇپ قالغان ئاق توشقان جاۋاب قايتۇردى:

— بوران - چاپقۇننى سىز ئەۋەتىپتىكەنسىزدە، بىز تېخى سىزنى ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك پەرىزات دەپ چوڭ ئۈمىد باغلاپ يۈرۈپتۇق.

— سىلەرنىڭ غەيرەت - شىجائىتىڭلارنى سىناپ باقاي دېگەنتىم، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات دەرھال چىرايىنى كۆلكە يۈگۈرتۈپ.

— بۇ بەخت ئارىلىمۇ، — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە سەل جىددىيلىشىپ.

— شۇنداق، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات، — قېنى قوزىلىرىم، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، ئاۋۋال سىلەرنى غىزالاندۇراي، ئاندىن نېمىشقا بۇ ئارالغا كەلگىنىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

— ئۇنداقتا سىز بۇ ئارالدا تۇرىدىغان خاسىيەتلىك

ئەڭگۈشتىرى بار پەرىزات ئىكەنسىزدە، — دېدى مۈشۈكياپىلاق.

— شۇنداق، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات، — مانا بۇ قولۇمدىكى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر. ئەمدى ئاز گەپ قىلىڭلار، تاماقتىن كېيىن كەڭ - كۇشادە سۆزلىشۋالىمىز.

كىچىك ھەمراھلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. خوخا - يانتاقلار ئۇلارغا تىكەنلىرىنى سانجىۋېلىشقا، ئوغرى تىكەنلەر ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى زېدە قىلىشقا ئۇرۇندى، بىراق ئاق توشقاننىڭ كالتىكى ئۇلارنى نىيىتىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ئاخىرى ئارال ئوتتۇرىسىدىكى كۆل رەڭ مەرمەر تاش ئۆينىڭ ئالدىدىكى كۆل رەڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان كىچىك سەيناغا كېلىپ توختىدى. كۆل رەڭ پەرىزات ئۇلارنى بۇ يەردىكى بىر كۆل رەڭ مەرمەر تاش شىرەنى چۆرىدىگەن كۆل رەڭ مەرمەر تاش ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى - دە، ئاندىن كۆل رەڭ شار بېكىتىلگەن ھاسىنى شىرەگە شىلتىدى، شۇ ھامان شىرە ئۈستىدە تەخسە - تەخسىلەردە بېلىق ۋە توخۇ كاۋاپلىرى، ساپسېرىق بانان ۋە ياپيېشىل مەرۋايىتتەك ئۈزۈم، قىزىرىپ پىشقان ئالما ۋە سۈتتەك ئاق موملار پەيدا بولدى.

— قېنى ئېلىڭلار، — دېدى پەرىزات، — تويغىچە يەڭلار، ئاندىن كېلىش سەۋەبىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كىچىك ھەمراھلاردىن مۇز قونچاق بىلەن رېزىنكە بالا ئەزەلدىن ھېچنېمە بىلمەيتتى، ھەسەل ھەرىسى بولسا بۇنداق نېمەتلەرنى يەپ كۆنمىگەنىدى، ئاق توشقان بىلەن كىچىككىنە مەلىكە تارتىنىش بىلەن ئۈزۈمگە قول سۇندى، بىراق رېزىنكە

بالىنىڭ كۆكسىدىكى قىزىل ياقۇت يۈرەك بۇلاپكىدىن تۆيۈقسىزلا كۈچلۈك نۇر چاقنىدى ـ دە، تەخسىلەردىكى بېلىق ۋە توخۇ كاۋىپى قاپقارا ۋە يوغان ئۆمۈچۈك بىلەن چايانغا، بانان چوڭ تۆكلۈك قۇرتقا، ئۈزۈم قوڭغۇزلارغا، ئالما بىلەن موملار بولسا چار پاقىلارغا ئايلىنىپ قالدى.

كىچىك ھەمراھلار قاتتىق چۆچۈشۈپ، ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇشقانچە شىرە يېنىدىن نېرى قاچتى.

ــ نېمانچە ئەسكى نېمە بۇ، ــ دېدى كۈل رەڭ پەرىزات غەزەپ بىلەن رېزىنكە بالىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان قىزىل ياقۇت يۈرەكنى يۇلۇۋېلىپ، ــ بىر ئوبدان نېمەتلەرنى گېزەندىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتىغۇ.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ قىزىل ياقۇت يۈرەكنى تاش شىرەگە بىرلا ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. رېزىنكە بالا «ياق» دەپ توۋلاپلا قالدى، ئەمما توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كىچىك ھەمراھلار كۈل رەڭ پەرىزاتنىڭ بۇ قىلىقىدىن خېلىلا رەنجىشتى.

ــ تاماقمۇ يېيەلمىدىڭلار، ــ دېدى كۈل رەڭ پەرىزات يەنە يېقىمسىز كۈلۈپ، ــ بوپتۇ ئەمدى، تاماققا زورلىماي، قارىغاندا تامىقىمغا تاۋىڭلار يوقتەك قىلىدۇ، ئېيتىڭلارچۇ، بۇ يەرگە نېمە ئىشقا كەلگەن ئىدىڭلار؟ ئېسىڭلاردا بولسۇن، راست سۆزلىشىڭلار كېرەك، بولمىسا چار پاقىغا ئايلىنىپ قالىسىلەر.

كىچىك ھەمراھلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى كۈل رەڭ پەرىزات تاقەتسىزلىنىپ كىچىككىنە مەلىكىگە بۇيرۇدى:

— ئاۋۋال سەن سۆزلە!

— مەن، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە دۇدۇقلاپقىنە، — سىزدىن چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى سوراپ كەلگەن ئىدىم.

— چوڭ بولۇشنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات زەھەرلىك كۈلۈپ، — دورىغۇ بار، بىراق ئۇ بىرخىل ئۆسۈملۈك، دەپ بەرسەممۇ سەن ئۇنى تاپالمايسەن قەدىرلىكىم، ئەڭ ياخشىسى ماۋۇ دۇمبەڭدىكى بىر نېمىنى يۇلۇپ تاشلىۋەتسەڭ يەڭگىللەپ ئاستا - ئاستا بويۇڭ ئۆسۈپمۇ قالىدۇ.

شۇنداق دەۋېتىپلا ئۇ كىچىككىنە مەلىكىنى كاپ قىلىپلا تۇتۇۋالدى، چىرايلىق قاناتلىرىنى يۇلۇۋېتىپ، كۆل رەڭ شاردىن ئوت چىقاردى - دە، كۆيدۈرۈۋەتتى.

كىچىككىنە مەلىكە قاناتلىرىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ قالدى.

— ئەمدى سەن گەپ قىل، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات رېزىنكە بالىغا.

— مەن ئادەمدەك روھقا، ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشنى ئىزدەيتتىم، — دېدى رېزىنكە بالا.

— ۋاي ئىسىت، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — بايىقى قىزىل ياقۇت يۈرەك سېنى بۇ مەقسەتكە يەتكۈزەتتى، ئۇنى چېقىۋېتىپ قاپتۇق، سۇنۇقلىرى بولسىمۇ ئەسقېتىپ قالاتتى، بىراق مانا قارا، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ياقۇت پارچىلىرىغا كۆل رەڭ شارنى شىلتىدى، كۆل رەڭ نۇر چاقناپ، قىزىل ياقۇت پارچىلىرى غايىب بولدى.

— ئۇلارمۇ يوقاپ كەتتى، — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات يەنە، — ئەمدى يەنە بىر قىزىل ياقۇت يۈرەك تاپقىچە سەۋر قىل، بەك تاقەت قىلالمىساڭ مەن ساڭا بىر رەزىل يۈرەك ئاتا قىلىشىم مۇمكىن. ئەمدى سەن سۆزلە، — دېدى ئۇ كۆل رەڭ پەرىزات ھەسەل ھەرىسىگە.

— مەن ھەسەلنى ھەم كۆپ ھەم تېخىمۇ ئېسىل قىلىپ ئىشلەشنىڭ يولىنى سوراپ كەلگەن ئىدىم.

— نېمىدېگەن ياخشى ئارزۇ - ھە؟! — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات، — بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئارالدا قېلىپ، مېنىڭلا خىزمىتىمدە بولۇشۇڭ كېرەك، ساڭا قانداق قىلىشنى شۇ چاغدا ئۆگىتىمەن.

ئاندىن ئۇ كۆل رەڭ شارچىنى ھەسەل ھەرىسگە توغرىلىدى، كۆل رەڭ نۇر چاقناپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ قاناتلىرى كۆيۈپ كەتتى. بوشلۇقتا قانات قېقىپ تۇرغان ھەسەل ھەرىسى پوككىدە يەرگە چۈشتى، ھەپىرەڭگۈل چېلىكى كۆمتۈرۈلۈپ ئىچىدىن چۈمۈلىچىلىك ئەجدىھا بىلەن نوقۇتچىلىك بىر تال چوغ چۈشتى ۋە تېزلا چوڭ ئەجدىھا ۋە ئوت يالقۇنغا ئايلاندى.

— سىلەر نېمىگە كەلدىڭلار؟ — سورىدى كۆل رەڭ پەرىزات ئۇلارنىڭ چىرايىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— مەن قورساق ئاچماسلىقنىڭ دورىسىنى سورىماقچى، — دېدى ئەجدىھا.

— مەن مەڭگۈ ئۆچۈپ قالماسلىقنىڭ ئامالىنى سورىماقچى، — دېدى ئوت يالقۇنى.

— ۋاھ! — دېدى كۆل رەڭ پەرىزات، — سەن ئەجدىھا قورساق ئاچماسلىقنىڭ دورىسىنى يېمەكچى - ھە؟ مانا، ئالدىڭدا تۆرۆپتىمەن، پەقەت مېنى يۇتۇۋالساڭلا قورسىقىڭ مەڭگۈ ئاچمايدۇ، بىراق مېنى يۇتۇۋېلىشىڭ بىر شېرىن خىيال، سەن ئوت يالقۇنى مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنىڭ ئامالىنى بىلمەكچىمۇ، ئاڭلا، مانا بۇ ئارالدىكى تاش مۇزلار ئۈستىدە بىر قىزىل پانۇس بار، ئاشۇ پانۇس ئىچىدە بولساڭلا مەڭگۈ ئۆچمەيسەن، بىراق ئۇ يەردە بولۇشۇڭنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى. شۇڭا بۇ ئارزۇيۇڭ ئەمدى مەڭگۈ ئىشقا ئاشمايدۇ، ئىككىڭ ئەڭ ياخشىسى دېڭىز ئاستىدىن ئورۇن ئېلىش، ئۇ يەردە ئەمدى بىر ئىشلارغا غەم يەپ يۈرۈشمەيسەن.

شۇنداق دەۋېتىپلا ئۇ ئەينەك شارچىسىنى ئۇلارغا توغرىلاپ سىپىر قىلماقچى بولدى، بىراق مۇشۇكىياپىلاق ھاۋادىن چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالدى، ئۆتكۈر تىرناقلىرىدا تىلىۋەتتى، كۆل رەڭ پەرىزات «ۋاي!» دەپلا ئەينەك شارچە بېكىتىلگەن ھاسىنى تاشلاپ، يۈزىنى تۇتۇپ قالدى، شۇ پۇرسەتتە ئاق توشقان سەكرەپ كېلىپلا بىر كالتەك ئۇرۇپ ھاسا بېشىدىكى ئەينەك شارچىنى چۇل - چۇل قىلىۋەتتى.

كۆل رەڭ پەرىزات توسۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي چىرقىراپ كەتتى:

— ۋۇي ئەسكى توشقان، ئەڭگۈشتەرنى چېقىۋەتتىڭغۇ، خەپ، تۇتۇپ تېرەڭنى تەتۈر سويمىسام.

ئۇ يۈزىدىكى جاراھەتتىن كۆل رەڭ سۈيۈقلۇق ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە ئاق توشقاننى تۇتۇشقا ئۇرۇندى، بىراق ئەجدىھا بىر لا دەم تارتىپ ئۇنى يۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ قارنىدىن كۆل رەڭ پەرىزاتنىڭ «قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەپ چىرقىرىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ قالدى.

— ياخشى بولدى، — دەپ تەنتەنە قىلىشتى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ تۇرغان كىچىك ھەمراھلار، — بارىكاللا توشقان، بارىكاللا ئەجدىھا ... ياخشى قىلدىڭلار.

— بىزنىڭ بەختىمىز بۇ يەردە ئىكەن، — دېدى ئەجدىھا بىلەن ئوت يالقۇنى، — بىراق سىلەر بەختكە ئەمەس بەلكى بەختسىزلىككە دۇچار بولدۇڭلار، ئەمدى پېرىخون قېشىغا بېرىڭلار، ئۇ سىلەرگە يوقاتقان نەرسىلىرىڭلارنى بېرىشى مۇمكىن.

— راست، — دېدى كىچىككىنە مەلىكە، — ئۇ ھەربىرىمىزگە بىردىن ياخشى سوۋغات بەرگەن ئىدى، ھازىر مەن ۋە رېزىنكە بالا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدۇق، ھەسەل ھەرىسى بولسا ئۆزىنىڭ قاناتلىرىدىنمۇ ئايرىلدى، بىز ئەسلىدە ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلىرىمىزنى ئۇنىڭدىن سورىساق بولغان ئىكەن، قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە ئەپتىدىن ھېيىقىپ ئۇنىڭغا تىلىكىمىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۇنتۇنەپتۇق، ئەسلىدە ئۇ كۆل رەڭ پەرىزاتتىن ياخشى ئىكەن.

— شۇنداق، — دېدى رېزىنكە بالا، — بىز يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا بارايلى، ئۇ ماڭا يەنە بىر قىزىل يۈرەك، كىچىككىنە مەلىكە

بىلەن ھەسەل ھەرىسىگە بىر جۈپتىن قانات، مۈشۈكياپىلاققا كۆز دورىسى بەرسە ئەجەب ئەمەس، ئاق توشقان بىلەن مۈز قونچاق بولسا ئاللىبۇرۇن ئارزۇسىغا يېتىپ بولغان ئىكەن.

— شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى ئەجدىھا، — مەن ئەمدى مۈشۈ ئارالدا قالىمەن، ئارال بەكمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك بولۇپ قالدى، مەن ئەمدى بۇ ئارالدىن كەتمەيمەن.

كىچىك ھەمراھلار شۇ چاغدىلا ئارالنىڭ گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن ئاجايىپ چىرايلىق مارجان ئارالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، خوخا - يانتاق، ئوغرى تىكەن ۋە قىسقۇچپاقىلارنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، كۆل رەڭ تۇمانلار ئورنىدا خاسىيەتلىك ئاق بۇلۇت ۋە گۈل رەڭلىك تۇمانلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈشتى.

— ياھ! نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟! — دېيىشتى بىر ئېغىزدىن.

— ئەمدى ئارالدىن قانداق كېتىمىز؟ — سوئال قويدى مۈز قونچاق ھەمراھلىرىغا.

— مەن يەنە خىزمىتىڭلارغا تەييار، — دېگەن سادا كەلدى ئارالنىڭ گىرۋىكىدىن.

كىچىك ھەمراھلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

ئاجايىپ يوغان ۋە قاردەك ئاق، بېشىغا گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن تاج قوندۇرۇلغان بىر ئاق قۇ دېڭىزدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

— سىز كىم؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە.

— ھېلىقى تاشپاقا، — دېدى چوڭ ئاق قۇ، — مەن ئەسلىدە

ئاق قۇلار شاھى ئىدىم، لېكىن كۆل رەڭ پەرىزاتقا بويسۇنمىغانلىقىم ئۈچۈن تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، مەن بىر باتۇرنىڭ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى سېھىرلىك شارچىنى چېقىۋېتىپ، مېنى ئەسلىگە قايتۇرۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، شۇ سەۋەبلىك دېڭىز بويلىرىدا ئارالغا بارىمىز دېگۈچىلەرنى كۈتتۈم، ھەم ئاخىرى سىلەرگە يولۇقتۇم، مانا، ياردىمىڭلار بىلەن ئەسلىمگە كەلدىم. ئەمدى سىلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا تەييارمەن.

كىچىك ھەمراھلار خۇشاللىق بىلەن قانىتىدىن ئايرىلغان ھەسەل ھەرىسىنى كۆتۈرۈپ ئاق قۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى، ئاق قۇ چوڭ قۇرۇقلۇققا قاراپ سىلىققىنە ئۇزۇپ كەتتى.

— خەير - خوش، ئاق يول بولسۇن! — دەپ توۋلىدى ئۇلارنى ئۇزىتىپ كەلگەن ئەجدىھا بىر ئالدى پۇتىنى پۇلاڭلىتىپ.

— خەير - خوش، ئاق يول بولسۇن! — دەپ ئۆرۈلدى، مۇنار ئۈستىدىكى قىزىل پانۇس ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى.

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار، — توۋلاشتى كىچىك ھەمراھلارمۇ قول پۇلاڭلىتىپ، ئۇلار ئەمدى قىياسلىق تۇيغۇلىرى ئىچىدە ئارالدىن يىراقلاشتى.

— ئارالدىكى ماياك ئوتىنى كۆل رەڭ پەرىزات ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى، — دېدى ئاق قۇلار شاھى ئۇزۇپ كېتىۋېتىپ، — ئەمدى ماياك ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەر ۋە قاراڭغۇ تۈنلەردە دېڭىز ئاسمىنىنى يورۇتۇپ، دېڭىزچىلارغا نىشان

كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— كۆل رەڭ پەرىزات نېمىشقا ماياك ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ؟ — سورىدى كىچىككىنە مەلىكە ئەجەبلىنىپ، — ئۇ داۋاملىق مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنىلا قىلامتى.

— ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پال ئاچقاندا ئۆزىگە چوڭ قورۇقلۇقتىن كەلگەنلەردىن خەۋپ يېتىدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ، — دېدى ئاق قۇلار شاھى، — ئۇ ھېچقاچان باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغان بولغاچقا، باشقىلاردىنمۇ ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن. شۇڭا پالدا مەلۇم بولغان نامەلۇم خەۋپ يەتكۈزگۈچىدىن ئېھتىيات قىلىپ چوڭ قورۇقلۇقتىن كەلگەن مەيلى ئىنسان، مەيلى ھايۋان، مەيلى ئۇچار - قانات بولسۇن ھەممىسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى.

دېڭىزدا قاتناۋاتقان كېمىلەرنىڭ نىشاندىن ئادىشىپ، ھالاكەتلىك قايناملارغا غەرق بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ماياك ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا سەپەر ئۈستىدە ئارالغا قونغىنىمدا مېنى تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

كىچىك ھەمراھلار خېلى يىراقلاردا قالغان ئارالدىكى ماياكقا قاراشتى، ماياكتىن يىراق - يىراقلارغىچە قىپقىزىل نۇرلار چېچىلدى.

ئاق قۇلار شاھى ئۇچۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، تېزرەك چوڭ قورۇقلۇققا يېتىۋېلىش تەقەززالىقىغا چۆمگەن كىچىك

ھەمراھلار ئەمدى ئۈن ـ تىۋشسىز سەپىرىنى داۋام قىلدى.

قۇياشمۇ ئۇلارنىڭ مەنزىلىنى قىزىللىققا پۈركىدى، بىر كۈنلۈك سەپەر تىنچ ۋە خاتىرجەم داۋام قىلدى، ئاخىرى قۇياش پېتىپ، تۈن پەردىسىمۇ يېيىلدى، كۆك يۈزىدە يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى، كىچىك ھەمراھلارغا يىراقلاردىكى ئارال ئۈستىدە ئەمدى يەنە بىر قىزىل قۇياش پەيدا بولۇپ قالغاندەك بىر مەنزىرە كۆرۈندى، دېڭىز يۈزى قىزىللىققا چۆمگەن ئىدى، تېخىمۇ نېرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن لېگەندەك تولۇن ئاي نۇرىمۇ ماياكنىڭ قىزىل نۇرىنى بېسىپ چۈشەلمىدى.

— نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە ـ ھە؟ — شىۋىرلاشتى كىچىك ھەمراھلار ھۇزۇرلىنىپ.

شۇنداق كېتىۋېتىپ كىچىككىنە مەلىكە بىلەن ئاق توشقان تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، كىچىككىنە مەلىكە ئۇيقۇسىدا ھىلال ئايغا مىنىپ، يۇلتۇزلار ئارا سەيلە قىلىپ چۈش كۆردى، ئاق توشقان بولسا سەۋزە تېرىپ چۈش كۆردى، ئۇ ئويغانغىچە سەۋزىلىرى ئۈنۈپ، ھوسۇلىنى يىغقۇدەكمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق ئەمدىلا بىر تال سەۋزىنى يۇلۇپ تېتىپ باقاي دېگەندە نېمە ئۈچۈندۇر سەۋزە تاشتەك قاتتىق تۇيۇلۇپ چىشلىرى سۇنغىلى تاسلا قالدى ـ دە: «نېمانچە قاتتىق سەۋزە بۇ!» دەپ ۋايسىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئەسلىدە سەۋزە دەپ قولىدىكى كالتەكنى چىشلىۋالغان ئىدى، مۇز قونچاق، مۇشۇكياپىلاقلار ئۇنىڭ قىلىقىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئاق توشقان ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ كۈلكىسى كىچىككىنە مەلىكىنى

يۇلتۇزلار مەملىكىتىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.
ئاق قۇلار شاھى سەھەر قۇياشى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئۇلارنى چوڭ قورۇقلۇققا، ھېلىقى كىچىك دەريانىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزىغا يەتكۈزدى، ئاندىن كىچىك ھەمراھلار بىلەن خوشلىشىپ، شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.
كىچىك ھەمراھلار دەريا ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي سۇ يۈزىدە ھېلىقى كارپ بېلىقى پەيدا بولدى ـ دە:
ــ قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى خۇشاللىق بىلەن، ــ ئارزۇيۇڭلارغا يەتكەنسىلەر ـ ھە؟
ــ نەدىكىنى، ــ دېدى رېزىنكە بالا ئاچچىق بىلەن، ــ ئەكسىنچە بىرمۇنچە پېشكەللىككە يولۇقتۇق، سورىمايلا قوي.
ــ ئەمدى نەگە بارىسىلەر؟ ــ سورىدى كارپ بېلىقى.
ــ يەنە پېرىخوننىڭ ئالدىغا بارىمىز، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە.
ــ ئۇنداقتا يەنە خىزمىتىڭلاردا بولاي، ــ دېدى كارپ بېلىقى، مۇشۇكياپىلاقتىن باشقىلار ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئورۇن ئالدى. كارپ بېلىقى سۇ ئېقىمىغا قارشى ئۈزۈپ كەتتى. بىر چاغلار كىچىك دەريانىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىكى بىر شارقىراتما ئالدىغا كېلىپ چۈشۈرۈپ قويدى. شارقىراتما ئېگىز تاغ باغرىغا ئېسىلغان پەردىدەكلا كۆرۈنەتتى. سۇ ئۇنچىلىرى ھەريان چېچىلسا، شارقىرىغان ئاۋاز تاغ ئېتىكىنى زىلزىلىگە سالغان ئىدى.
ــ ئەمدى تاغدىن ھالقىش ئامالىنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، ــ دېدى

كارپ بېلىقى خوشلىشىپ.

كىچىك ھەمراھلار تاغدىن قانداق ئۆتۈش مەسلىھەتىگە چۈشتى.

— يامىشىپ ئۆتەيلى، — دېدى ئاق توشقان.

— ئۇچۇپ ئۆتەيلى، — دېدى مۆشۈك ياپىلاق.

بىراق ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پىشمىدى، چۈنكى تاغ بەك ئېگىز ھەم تىك ئىدى، يامىشىپ چىقىشمۇ، ئۇچۇپ ئۆتۈشمۇ خېلى قىيىن ئىدى.

شۇ چاغ ئاسماندا بىر توپ ئۇچقۇر پەتەكلەر پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغىلا قوندى، ھال ـ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن:

— بىز ياردەم قىلايلى، — دېدى خۇشاللىق بىلەن، — دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى ماڭغان ئىدۇق، سىلەرنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ بارساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

كىچىك ھەمراھلار خۇرسەن بولۇشۇپ بېلىق تورىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى، ئۇچقۇر پەتەكلەر تورنى ھەر تەرەپتىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى. بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپ تاغدىنمۇ ھالقىدى، خېلى ئۇزۇنغىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن خوشلاشتى.

كىچىك دوستلار توردىن چىقىپ ئۆزلىرىنى ئاپپاق بۇلۇت ـ تۇمانلار دېڭىزىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بۇلۇت ـ تۇمانلار دېڭىزىدا رەڭگارەڭ گۈل چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بىر تاغ تەنھا ئارالدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— خاتا كېلىپ قالغاندىمىزمۇ؟ — دېيىشتى كىچىك

ھەمراھلار.

ئۇلار شۇنداق تېڭىرقاپ تۇرغاندا بولۇت ـ تۇمانلارنى دولقۇنلىتىپ بىر قويۇن پەيدا بولدى ـ دە، ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ تاغ ئۈستىدىكى غارغا ئەكىرىپ تاشلىدى.

كىچىك ھەمراھلار گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن گۈل شەكىللىك ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئەتىرگۈل باشلىق ھاسا تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان قاردەك ئاق كىيىملىك بىر گۈزەل پەرىزاتنى كۆردى، ئىككى تەرەپتە ئالتۇن شامدانلاردا رەڭگارەڭ شاملار، رەڭگارەڭ يالقۇن ۋە خۇشبۇي ئىس ـ تۈتەك چىقىرىپ يېنىپ تۇراتتى. كەھرىۋادەك يالتىراق ۋە سىلىق غار تاملىرىدا زۇمرەت ياپراقلىق ئۈزۈم شوخلىرى پەلەك تارتىپ پەردە ھاسىل قىلغان ئىدى، گاھىلىرى ئالتۇندەك سېرىق، گاھىلىرى ئانار دانىسىدەك قىزىل ساپاق ئۈزۈملەر نۇرلىنىپ تۇراتتى.

ـــ مەرھابا! ـــ دېدى پەرىزات، مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن، ـــ بەخت قەسرىگە كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن.

ـــ رەھمەت! ـــ دېدى كىچىك ھەمراھلار يەنىلا سەل تېڭىرقاپ، ـــ بىز پىرىخوننىڭ غارىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇ گۈزەل قەسرىڭىزگە كىرىپ قاپتۇق، ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ـــ شۇ پىرىخوننىڭ ئۆزىمەن، ـــ دېدى پەرىزات قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ـــ ئىلگىرى ھەمشىرەم گۈل رەڭ پەرىزاتقا ئەگىشىپ كۆپ يامان ئىشلارنى قىلغان، شۇڭا بەتبەشىرە

پىرىخونغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم. كېيىن قىلمىشىمغا پۇشايمان قىلىپ كۆل رەڭ پەرىزاتتىن ئايرىلىپ كەتتىم. سىلەر ئېلىپ كەلگەن جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل سوۋغاتلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل پەرىزاتقا ئايلاندىم، ئەمدى مەنمۇ سىلەرنىڭ يوقىتىپ قويغانلىرىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئارزۇ ـ ئىستىكىڭلارغا يەتكۈزىمەن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ ئەتىرگۈل باشلىق ھاسىسىنى كىچىك ھەمراھلار تەرەپكە شىلتىدى، شۇ ھامان ھاسىدىن تارام ـ تارام نۇر تۆكۈلۈپ كىچىككىنە مەلىكىنىڭ دۈمبىسىدە رەڭگارەڭ گۈل ـ نەقىشلىك بىر جۈپ كېپىنەك قانىتى، قولىدا بىر تال يېشىل مەرۋايىتتەك كۆمىلاچ دورا، رېزىنكە بالىنىڭ بويىدا ئالتۇن زەنجىرگە ئېسىلغان ئىلگىرىكىدىنمۇ قىزىل ۋە نۇرلۇق ياقۇت يۈرەك، بال ھەرىسىنىڭ دۈمبىسىدە ئالتۇن رەڭلىك بىر جۈپ سۈپسۈزۈك قانات پەيدا بولدى. مۈشۈكياپىلاقنىڭ يۈپيۇمىلاق ۋە يوغان كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناپ كەتتى. مۇز قونچاقنىڭ ۋۇجۇدى خىرۇستالدىن ئويۇپ ياسالغاندەكلا ئىلگىرىكىدىنمۇ سۈزۈك ۋە نۇرلۇق ھالەتكە كەلدى، ئاق توشقاننىڭ كالتىكىمۇ تېخىمۇ خاسىيەتلىك ئالتۇن توقماققا ئۆزگەردى، ھەممىسى ئۆز تىلىكى ئەمەلگە ئاشقىنى ئۈچۈن خۇشاللىقتا چۆمدى ۋە ئاق كۆڭۈل پەرىزاتقا تەشەككۈر ئېيتتى. بىراق كىچىككىنە مەلىكە قولىدىكى يېشىل كۆمىلاچنى پەرىزاتقا قايتۇرۇپ بەردى.

ــ بۇ بويىڭىزنى ئۆستۈرىدىغان خاسىيەتلىك دورا، ــ دېدى

پەرىزات، ــ ئۇنى يۇتۇۋەتسىڭىزلا جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ خۇش قامەتلىك بىر چوڭ مەلىكىگە ئايلىنىسىز.

ــ ئەمدى نېمە ھاجىتى، ــ دېدى كىچىككىنە مەلىكە، ــ مەن بوي ـ تۇرقىدىنمۇ بەكرەك ئىرادىلىك ۋە غەيرەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم، ئەمدى بويۇمنىڭ ئۆسۈشىنى خالىمايمەن، بەلكى مۇشۇ كىچىك دوستلىرىم بىلەن تەڭتۇش ھالىتىمنى ساقلىماقچىمەن. ھەم ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىمەن، مەن بەخت ئارىلىنى تاپتىم، ئۇ بولسىمۇ ئىناقلىق ۋە كۆيۈمچانلىقتا تولغان بىر ئائىلە، بىز كىچىك ھەمراھلار ئەنە شۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى.

ــ ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچىسىلەر؟ ــ سورىدى پەرىزات، ــ مەنغۇ بۇ يەردە قېلىشىڭلارنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم.

ــ بىراق بىز، ــ دېدى كىچىك ھەمراھلار بىر ئېغىزدىن، ــ يېڭى بىر ساياھەتكە ئاتلانماقچى، بىز دۇنيانى ئايلىنىمىز، ھەم بارغانلا يەردە كىچىك دوستلارغا ئۆزىمىزنىڭ بەخت ئارىلىنى قانداق تاپقانلىقىمىزنى سۆزلەپ بېرىمىز.

پەرىزات ئۇلارنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئەتىرگۈل باشلىق ھاسىسىنى يەرگە شىلتىدى، شۇ ھامان ئۆزىمۇ، غارمۇ ۋە تېغىمۇ غايىب بولۇپ، بۇلۇت ـ تۇمانلار دېڭىزى ئىچىدە بىر كىچىك قاناتلىق بۇغا قوشۇلغان كىچىك ئالتۇن پەيتۇن پەيدا بولدى.

ــ بۇ مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ئاخىرقى سوۋغىتىم، ــ دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى پەرىزاتنىڭ، ــ سىلەرگە ئاق يول

تىلەيمەن، مەنمۇ ئەمدى ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ جاھان كېزىمەن، خەير ـ خوش.

ــ خەير ـ خوش. ئامان بولۇڭ، ــ دېدى كىچىك ھەمراھلارمۇ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان بىر ئاق كەپتەرگە قول پۇلاڭلىتىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەيىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى، مۇز قونچاق پەيتۇنكەش ئورنىدا ئولتۇرۇپ بىر قولىغا تىزگىننى ئالدى، يەنە بىر قولىدا ھېلىلا پەيدا بولۇپ قالغان ئالتۇن دەستىلىك كىچىككىنە قامچىنى قارسىلداتتى، قاناتلىق بۇغا پەيتۇننى سۆرەپ، بۇلۇت ـ تۇمانلار دېڭىزىنى تۆۋەندە قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

مەجمۇئە ئىسمى: باللارغا سوۋغا ـ 2 (8)
كىتاب ئىسمى: بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئادىل ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.5
نەشرى: 2010 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن
بۇ قىسىمنىڭ يەككە باھاسى: 12.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

## بالىلارغا سوۋغا - 2

Balilargha Sowgha

بىتەلەي توشقان

ئاق قۇ مەلىكە

ئۈچ ئالتۇن قورچاق

خىرۇستال كەش

توز مەلىكە

توققۇز دانە ئالما

ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك

بەخت ئارىلىنى ئىزدەش

يولۋاسقا ئايلانغان بالا

ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

单价:12.00元

ISBN 978-7-5373-2011-5

9 787537 320115 >

总定价（十册）:84.00元